ئىبنى تۇفەيل

# ھەيي ئىبنى يەقزان

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىبنى تۇفەيل

# ھەيي ئىبنى يەقزان

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

هەيي ئىبنى يەقزان

ئىبنى تۇفەيل

تەييارلىغۇچى: سەلىم ھانجىئوغلۇ

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

2016 - يىل 4 - ئاي ئىستانبۇل

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ ھەدىيەسىدۇر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

مەزكۇر ئەسەردە «كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىكى كاتتا سەنئەت، تەبىئەتتىكى تەڭپۇڭلۇق ۋە مۇۋازىنەت، مۇتلەق ياراتقۇچىغا تەبىئىي ئېھتىياج» قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

ئەسەردە ئىنسان ئەقلىنىڭ قىممىتى ۋە ۋەھيى بىلەن ئەقلىنىڭ مۇناسىۋىتى تەكىتلىنىدۇ، ھەيي ھېچقانداق مەلۇمات ۋە ئىلىمگە تايانماي تۇرۇپمۇ ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆزىتىش ۋە ئەقىل بىلەنمۇ ھېس قىلالايدىغانلىقىنى ئويلىماقتا. ئۇ ئۇزۇن يىللار بىر ئارالدا تەنھا ھالدا ياشاپ كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر ئارقىلىق ئېرىشكەن ھەقىقەتلەر، دىنىنىڭ تۈرتكىسىدىلا ھەققىي مەنىسىنى تاپالايدۇ.

ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ھەيينىڭ دوستى ئابسال ئەقلىنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشىنىش بىلەن بىرگە، ۋەھيىگە بولغان ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەتنى تەكىتلەيدىغان ئوبرازدۇر. قۇرئان كەرىمدە «پەقەت ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئىبرەت ئالغۇچىلارلا چۈشىنەلەيدۇ» دېگەن ئايەت كۆپ تەكرارلىنىدۇ. بۇ ئېتىقادتا ئەقلىنىڭ نە قەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

«ھەيي ئىبنى يەقزان» (يەقزاننىڭ ئوغلى ھەيي) ئەقلىگە، ئابسال بولسا ئەقىل بىلەن بىرلىكتە قەلبكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بىراق، نوقۇل نە ئەقىل بىلەن ياكى نە قەلب بىلەن ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئابىسالنىڭ ھەقىقەتنى تېپىش ئۈچۈن ئەقىل بىلەن قەلبكە ئوخشاش دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەزكۇر ئەسەرنى ئوقۇپ چىققىنىمىزدا ئىسلامنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن ئەقىلگە قانداق ئەھمىيەت بەرسەك ئوخشاشلا قەلبكىمۇ شۇنداق ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ھەقىقىي مەنىدە ئىسلام بويىچە ياشاش بولسا مەنىۋى ۋە ماددىي مۇۋازىنەتنى ھاسىل قىلىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

# ھەييىنىڭ دۇنيا كېلىشى

ئېكۋاتور بەلۋىغىغا يېقىن بىر يەرگە جايلاشقان گۈزەل ۋە تەنھا بىر ئارالدا ناھايىتى مۇتەكەببىر، ھاكاۋۇر، گۇمانخور ۋە ھەددىدىن زىيادە ھەسەتخور بىر پادىشاھ ياشايتتى. پادىشاھ ئەتراپىدىكىلەردىن تەختىمنى تارتىۋالامدىكىن دەپ گۇمان قىلىپ ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. شۈڭلاشقا، باشقىلارنىڭغۇ ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۆرۈق - تۇغقانلىرى ئىچىدە ھېچقايسىسىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇشىنى خالىمايتتى. بۇ سەۋەبتىن پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى كېچە - كۈندۈز پۈقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ، يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنى رەھىمسىزلەرچە قەتلى قىلاتتى.

پادىشاھنىڭ رىنا ئىسىملىك ساھىبجامال سىڭلىسى بار بولۇپ، ئۇ سارايدا خىزمەت قىلىدىغان يەقزان ئىسىملىك بىرىگە ياتلىق

بولغاندى. پادشاه سڭلسنڭ تۇغۇت ۋاقتنڭ يېقنلاپ قالغانلقنى بلگەچكە، لەشكەرلرنى داۋاملق سڭلسنڭ ئۆينى تڭ ـ تڭلاشقا ئەۋەتپ، بوۋاقنڭ تۇغۇلۇپ ـ تۇغۇلمغانلقنى، قز ياكى ئوغۇل ئكەنلكنى بلمەكچى ئدى.

بر كۆنى تۈن نسپدە پادشاهنڭ سڭلسى رنا شۇنداق ئوماق بر ئوغۇل تۇغدى. ئاتا ـ ئانا بوۋاققا هەيي دەپ ئسم قويۇشتى. ئاتا ـ ئانا ئككەيلەن پادشاهنڭ ئوغلغا قەست قلپ قويۇشدن ئەنسرەپ، هەييننڭ دۇنياغا كەلگەنلكنى باشقلاردن يوشۇرۇپ چاندۇرماي يۈرۈشتى. شۇڭلاشقا، رنا هاملە ئەمەسلكنى چاندۇرۇپ قويماسلق ئۈچۈن هاملدار ئايالاردەك كيىنپ يۈرەتتى. بۇ ئارلقتا ئوغلنى قوشنسنڭ ئۆيگە يوشۇرۇپ قويغاندى، قوشنسنڭ ئۆيگە مەخپي ياسالغان بر ئشك ئارقلق كرپ چقاتتى. يەقزان بلەن رنا بر مەزگل ئوغلنى مۇشۇ خل ئۇسۇل بلەن قوغداپ كەلدى. ئۇلار پادشاهنڭ هامان بر كۈنى بۇ ئشتن خەۋەر تاپدىغانلقنى بلگەچكە، بر كۈنى تۈن نسپدە بوۋاقنڭ قورسقنى تويغۇزۇپ، ئۇنى قېيق شەكلدكى بر ساندۇقنڭ ئچگە ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغاندن كيين، ساندۇقنى دېڭزغا قويۇۋەتتى.

ئارال ناهايتى قاتتق نازارەت قلناتتى، شۇڭلاشقا يەقزان بلەن رنا بالسنى ئېلپ برلكتە قاچالمايتتى. بۇ سەۋەبلك ئۇلار كېچچە ئويلاپ مۇشۇ چارنى تېپپ چقشقان ئدى. ئۇ كېچسى رنا: «هېچ بولمغاندا بۇ بغۇبار ۋە بگۇناه بالمزنى زالم پادشاهنڭ زيانكەشلك قلشدن ساقلاپ قالالايمز»

دېگەندى قاتتىق قايغۇ ئىچىدە. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بىر ئانا ئىدى، ئانا قەلبى بۇ ئەلەملىك ئىشقا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن، بىچارە ئانا ئازابتىن تولغىنىپ كېچە ـ كۈندۈز يىغلايتتى، بىراق ئوغلى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمايتتى.

يەقزان بىلەن رىنا دېڭىز بويىدا قېلىپ ئوغلى سېلىنغان ساندۇقنىڭ كىچىك دولقۇنلار ئۈستىدە لەيلاپ مېڭىشىغا كۆزلىرىنى ئۈزمەي قارايتتى. رىنا بالىسىنى ئۇزىتىپ قويغاچ، ئاللاھقا يېلىنىپ پەس ئاۋازادا دۇئا قىلىشقا باشلىدى: «يا رەببى! سەن ئۇنى يوقتىن بار قىلدىڭ، قورسىقىمدا ۋاقتىدا رىزقىنىمۇ سەن بەردىڭ. ئۇنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقاردىڭ. ئەمدىلىكتە بولسا زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ، ئوغلۇمنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئۇنى قوغدىغىن ۋە ياردەم قىلغىن. مەرھەمەتىڭنى بىزدىن ئايىمىغىن. شەكسىزكى، سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە شەپقىتىڭ چەكسىزدۇر. ساڭىلا سېغىنىمەن ۋە سەندىن بۇ بىچارە بالامنى قوغدىشىڭنى تىلەيمەن.»

ھەيي قېيىق شەكىللىك بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە دولقۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن ساق ـ سالامەت سەپەر قىلىۋاتتى. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن دېڭىزلاردا دولقۇنلار ئۇلغىيىپ، ساندۇقنى دېڭىزدىكى قىيالىقلارنىڭ بىرىگە لەيلىتىپ چىقىرىپ قويدى. بىراق ساندۇق بۇ قىيالىقتىكى ئىككى دەرەخنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ قالغاندى.

بۇ قىيالىقلار كىچىك بىر ئارالنى قورشاپ تۇرغان سېپىللارغا ئوخشايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا دېڭىز دولقۇنلىرى پەسىيىپ قالدى،

بىراق ساندۇق ئىككى دەرەخنىڭ ئارىسىدا شۇ پېتى قالدى. ئەھۋال بۇنداق بولغانىكەن، بوۋاقنىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ قالدى دېيىشكە بولاتتى. بۇ ئارال شۇنداق جىمجىت ئىدىكى، ئەتراپتىكى ھەر قانداق ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئارالغا خۇددى ھېچكىم ئاياق بېسىپ باقمىغاندەك ئىدى.

ھەيي كىچىچە سەپەر قىلغاچقا، قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكتىن يىغلاشقا باشلىدى. بىچارە بوۋاق شۇنچىلىك قاتتىق يىغلىدىكى، ئاۋازنى ئاڭلىغانلىكى ھايۋانلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قىزىقسىنىپ قاراپ قويۇشاتتى. بۇ ۋاقىتتا بالىسىنى يوقىتىپ تىڭىرقاپ يۈرگەن بىر بۆكەن ساندۇقنىڭ قېشىغا كەلدى. بۆكەن پۇتلىرى بىلەن تۇزلۇق سۇ ۋە دولقۇنلار بوشاشتۇرۇپ قويغان ساندۇقنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ساندۇق سۇنۇپ ئىچىدىن ھەيي كۆرۈنۈپ قالدى. بوۋاقنى كۆرگەن بۆكەن، ئۇنى بالىسى دەپ ئويلاپ قېلىپ، سۈتكە تولۇپ كەتكەن ئەمچەكلىرىنى بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا تەڭلىدى.

قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەن ھەييمۇ بۆكەننى ئانىسى دەپ ئويلاپ قېلىپ قورسىقى تويغۇچە ئەمدى. قورسىقى تويغان ھەيي ئەمدىلىكتە بولسا ئويناشقا باشلىدى. بۆكەن بولسا ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزەمنىڭ بالىسى دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئۇنى بىردەممۇ يالغۇز تاشلاپ قويمايتتى، ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزاتتى، ئۇنى باشقىلاردىن قوغدايتتى.

ھەيي بوۋاق بولغاچقا ياتقان جايىدا تۇراتتى، بۆكەن ھەيينىڭ قېشىدىن كۆپ يىراقلاشمايتتى. ئەتراپتىكى ئوتلار بىلەن قورسىقىنى تويغۇزاتتى. بىردەممۇ «بالىسى»نىڭ يېنىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

كۆنلەر ئۆتتى، ھەيي ئانا بۆكەن بىلەن بارغانچە ئىچەكىشىپ كەتتى. ھەيي ئۆمۈلەشكە باشلىدى، بىراق يوگرەك بۆكەننىڭ كەينىدىن يېتىشەلمەيتتى. ئانا بۆكەن ئازراق يىراقلىشىپ كۆزدىن غايىپ بولسا ھەيي بولۇشىغا يىغلايتتى. بۆكەن ھەيينىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان بوراندەك يوگرەپ ھەيينىڭ قېشىغا كېلىپ بولاتتى ۋە ئۇنى تىلى بىلەن يالاپ ئەركىلىتەتتى.

# ئانا بۆكەن

ئانا بۆكەن ياشايدىغان بۇ ئارالغا ئادىمىزات قەدەم بېسىپ باقمىغان ئىدى، بۇ ئارالدىن باشقا ئىنسانلارنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. بۇ ئارال شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئارالدىكى ھايۋانلار بىر - بىرلىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق - ئىتتىپاق ۋە دوستلارچە ياشايتتى. دەل - دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەر، گۈل - چىچەكلەر ئارالنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ ئارالنى باشقىچە گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. قىسقىسى، ئارالدىكىلەر ناھايىتى خاتىرجەم ۋە بەختلىك ھايات كەچۈرەتتى. ئارالدا يىرتقۇچى ھايۋانلار يوق ئىدى، شۇڭلاشقا ھەيي ئامانلىق ئىچىدە خاتىرجەم چوڭ بولىۋاتاتتى. ئانا بۆكەن ئاساسەن دېگۈدەك ھەييگە ھەمراھ بولاتتى. ھەيي يېڭى ئانىسىنىڭ كەينىدىن ئۆمىلەپ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەندە، ئانا بۆكەن بىلەن ئوتلاقلارغا بىرلىكتە بېرىشقا باشلىدى.

ئىككى ياشقىچە بۆكەننىڭ سۈتى بىلەن ئوزۇقلانغان ھەيي، ئايىغى چىققاندا ئانىسىغا ئەگىشىپ مېۋە - چېۋىلەر مول يەرلەرگە

www.uyghurkitap.com

بارالايدىغان بولدى.

ھەيي مېۋىلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، ئۇلارنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتى، بۆكەن ھەييگە ئانىلىق مېھرى بىلەن تويماي باقاتتى، ئۇنى ئىسسىق - سوغۇقلاردىن، خىيىم - خەتەرلەردىن ۋە ئاچلىقتىن قوغدايتتى، ئۇنى بىردەممۇ يېنىدىن ئايرىمايتتى.

بىر كۈنى ئانىسىنى يوقىتىپ قويغان بىر بۆكەن بالىسىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ، كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈشكە باشلىدى. ھەيي بۇ بۆكەن بالىسىنى دوراۋېرىپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاز - تولا چۈشىنىدىغان بولدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئانا بۆكەن بىلەنمۇ بىمالال چۈشىنىشەلەيدىغان بولۇپ قالدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈندۈزى توختىماي يول يۈرگەن ئانا بۆكەن ۋە بالىلىرى بىر دەم ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يەر ئىزدەشكە باشلىدى، ئاخىرى كىچىك بىر غارنى تاپتى. ھەيي ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئارالدىكى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش قاراڭغۇلۇق، سوغۇق ۋە ئاچلىققا كۆنۈپ كەتكەنىدى، ئۇ ئارالدىكى ھەمراھلىرىدەك ئارال ھاياتىغا ماسلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھايۋانلارنىڭ تىلىنى دوراشقا تىرىشاتتى. قۇشلار، پاقىلار، قۇرت - قوڭغۇزلارغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ ئۇلار بىلەن دوست بولغان ھەييىنى ئورماندىكىلەر شۇنداق ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بۆكەنلەرنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ دورايتتىكى، بۆكەندىن قېلىشمايتتى. شۇڭلاشقا، ھايۋانلار ئۆزىدىن پەرقلىق بۇ مەخلۇقتىن قەتئىي ياتسىرىمايتتى، ھەييمۇ ئورماندىكى ھايۋانلاردىن قىلچىمۇ ياتسىرىمايتتى، ئۇلار بىلەن بىرگە ئوينايتتى. ئانا بۆكەن باشقا بۆكەن بالىلىرىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بۇ بالىسىنى

شۇنداق ياخشى كۆرەتتى، پات ـ پات بالىسى ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى سۆيۈندۈرەتتى.

ھەيي بىر كۈنى دېڭىزغا تۇتۇشىدىغان ئۇچلۇقراق كەلگەن قىيالار ئۈستىدە مېڭىۋېتىپ پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئانا بۆكەن ئۇ كۈنى ئۇنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمايدۇ. ئاخىرى بالىسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ خىيىم ـ خەتەرلەرگە قارىماي ئۇنى تاپىدۇ. ياخشى يېرى ھەييگە بىر ئىش بولمىغان ئىدى. بىچارە بۆكەن ئانىلىق مېھرى بىلەن بالىسىنى يالاپ سۆيگۈسىنى ئۇزۇنغىچە ئىزھار قىلىدۇ ۋە ئۇنى قىيالىقلاردىن مىڭ بىر جاپادا ئېلىپ چىقىدۇ.

# تەبىئەتتىكى ئىشارەتلەر

ھەيي بۇ كىچىك ئارالدا نۇرغۇن ھايۋانلار بىلەن بىرلىكتە ياشايتتى، ئۇ باشقا ھايۋانلار بىلەن بىرلىكتە ياشاش جەريانىدا، بەزىدە ئۇلاردا بولمىغان بىر خىل ھېسسىياتقا غەرق بولاتتى. بۇ ھېسسىيات ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىر نەرسىلەرنى ئويلىيالىشى ۋە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بەزى نەتىجىلەرنى چىقىرالىشى بىلەن تەڭ، تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ پەرق ئېتەلىگەن نەرسە، ئۆز بەدىنىنىڭ باشقا ھايۋانلاردىن تامامەن پەرقلىق بولۇشى ئىدى.

نۇرغۇن ھايۋاندا مۈڭگۈز، قۇيرۇق، پەنجە قاتارلىق بەدەن ئەزالىرى بار ئىدى، بىراق، ھەييدە بۇنداق ئەزالارنىڭ ھېچبىرى

يوق ئىدى. ھەتتا بۇ بەدەن ئەزالىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە باشقا ھايۋانلار بىلەن بولغان تىركىشىشلەردە ئۆزىنى قوغداشتا قىينىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى ھايۋانلار ناھايىتى تېز يۈگرەلىگەنلىكتىن خىيىم - خەتەرلەردىن قۇتۇلۇپ قالالايتتى. ھالبۇكى، ھەيي تېز يۈگرەلمەيتتى، يۈگرەشكە توغرا كېلىپ قالسا، باشقا ھايۋانلارنىڭ كەينىدە قالاتتى. ھايۋانلارنىڭ سوغۇقتىن ۋە ئاغرىقتىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان يېپىنچىلىرى ۋە تۈكلىرى بار ئىدى، بىراق ھەيي ئاندىن تۇغما يۇرىدىغان بولۇپ، ئۆزىنى قوغداشتىن ئاجىز ئىدى. بۇلارنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ھەتتا بىر قېتىم بىر ياۋا ئۆچكىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قورساق تەرىپىدىن يېنىك يارىلانغان ئىدى. ھەيي بەدىنىدىن چىقىۋاتقان قاننى تۇتۇپ بېقىپ، «بۇ غەلىتە نەرسە زادى نېمىدۇ» دەپ ئويلاپ ئۆزىنىڭ بەدىنىگە بىر قۇر قاراپ چىققان ئىدى. بەدىنى ساق ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن قولى بىلەن باسقان يەردىن قان چىقمىدى.

دەل بۇ ۋاقىتتا ئۇ مۇنداق بىر نەرسىنى بايقاپ قالدى: ئويلىماق، تەپەككۇر قىلماق... توغرا تەپەككۇر قىلماق! ھەيي باشقا ھايۋانلارنىڭ ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ۋەقە - ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدا سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى قۇرۇش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. بۇ ئۈستۈنلۈك ۋە قابىلىيەتنىڭ ئارىلىدا پەقەت ئۆزىگىلا خاس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەتراپىدىكى ھايۋانلارنىڭ پۇت - قوللىرى تۇرۇپمۇ ئۇلاردىن پايدىلىنالمايتتى، بىراق ھەيي ئۇلارغا قارىغاندا پۇت - قوللىرىنى ئىشلىتىشكە شۇنداق ماھىر ئىدى.

ھەيـي ئەتراپىدىكـى جانلىقـلار بىلـەن يىرتقـۇچ ھايۋانلارنـى بىـر - بىرىدىــن ئايرىشــقا باشــلىدى. ئۆزىگــە ياخشــى مۇئامىلــە قىلغــان ھايۋانــلار بىلــەن دوسـت بولغانــدى. بىــراق، بــەزى ھايۋانــلار پــات - پـات ئۇنىڭغـا ھۇجـۇم قىلىـپ، قولىدىكـى ئوزۇقلۇقنـى تارتىۋالاتتـى. ئـۇ بۇنىڭدىــن شــۇنداق كۆڭلـى يېرىــم بولاتتــى. ئەمەلىيەتتــە باشــقا ھايۋانــلار ھەققىدىكــى ئۆزگىچــە ھېــس - تۇيغــۇلار ئۇنىــڭ ئۆزىنــى تونۇشــىغا تۈرتكــە بولغانــدى. ئارالدىكــى ھايۋانــلار بالىلىرىنــى بىــر مەزگىــل باققاندىــن كېيىــن، ئۇلارنــى تاشــلىۋېتەتتى. ھايــۋان بالىلىرى بولسـا چـوڭ بولغاندىــن كېيىــن ئانىلىرىدىــن ئايرىلىــپ ئـۆز ئالدىغـا ئايرىــم ياشــايتتى. بىــراق، ھەيــي بىلــەن بۆكــەن بىــر - بىرىگــە شــۇنداق كۆنــۈپ كەتكــەن ئىدىكــى، بىــر - بىرلىرىدىــن ئايرىلىــپ ياشىشــى مۇمكىنــدەك كۆرۈنمەيتتــى.

ھەيـي نۇرغـۇن جەھەتتـىن ئۆزىـدە ئۈسـتۈن قابىلىيـەت ۋە ئەۋزەللىـك بارلىقىنــى بــارا - بــارا پــەرق ئېتىــپ يېتىۋاتاتتــى. باشـقا جانلىقلارغـا قارىغانــدا، ئۆزىنىــڭ نۇرغــۇن ئارتۇقچىلىقلارغــا ئىگــە ئىكەنلىكىنــى ئويــلاپ، ئۆزىنــى تېخمــۇ ياخشــى تونۇشــقا باشــلىدى. ئۇلاردىكــى بەزى ئالاھىدىلىــك ۋە ئارتۇقچىلىقلارغــا ئەســلىدە ئۆزىنىڭمــۇ ئېرىشــەلەيدىغان ئىمكانىيىتــى ۋە قابىلىيىتــى بــار ئىكەنلىكىنــى چۈشىنىپ يەتكەنــدى. ئۇ بىــر كۈنــى ھايۋانلارنىــڭ يېپىنچىلىرىغــا ئوخشــاپ كېتىدىغــان يېپىنچــا ئىزدەشــكە چۈشــتى. دەســلەپ يوپۇرماقلاردىــن يېپىنچــا قىلىــپ بــۇلار بىلــەن بەدىنىنــى يۆگەشــكە تىرىشــىپ باقتــى. بىــراق بىــر مەھــەل ئۆتكەندىــن كېيىــن يوپۇرماقــلار قــۇرۇپ كېتىــپ توكۇلۇشــكە باشــلىدى، شۇڭلاشـقا ئـۇ تېخمـۇ چىداملىـق يېپىنچـا تېپىشـقا تۇتـۇش قىلـدى.

بىر كۈنى ئارالدا بىر بۈركۈتنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇچراتقان ھەيي دەرھال بۈركۈتنىڭ تېرىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ قۇيرۇقى بىلەن قاناتلىرىنى بەدىنىگە يۆگىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ تۇنجى يېپىنچا مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا تۇنجى كىيىمنى كىيگەن بولدى. بۇ يېڭى كىيىم ئۇنى ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، باشقا ھايۋانلار بىر مەزگىل ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمىدى. پەقەت ئانا بۆكەنلا ھەر دائىمقىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇردى.

ئارالدا ۋاقىت تېز ئۆتەتتى، ھەييمۇ چوڭ بولۇۋاتاتتى، ئۇ قاۋۇل ۋە ئۇستىخانلىق ئىدى. ئانا بۆكەن بولسا ئەكسىچە ئورۇقلاپ ياشىنىپ قېلىۋاتاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئورماننىڭ مول مېۋىلىك يەرلىرىگە بارالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. ھەيي ئانىسىنى ياپپېشىل ئوتلاقلارغا ۋە مول مېۋىلىك جايلارغا ئېلىپ باراتتى.

بىر كۈنى ئانا بۆكەن تۇيۇقسىز ھەرىكەت قىلىشتىن توختاپ قالدى. ھەيي ئانىسىغا نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيلا قالغانىدى. ئۇ غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئانىسىنى ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى. بىراق، بۆكەننىڭ بەدىنى سوۋۇپ كەتكەنىدى. ھېچنېمىنى ھېس قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆكەن ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. ھەيي ئانىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ قاتتىق كۆڭلى يېرىم بولدى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئۇياقتا - بۇياقتا يۈگرەيتتى. چۇقان سالاتتى. قەلبى قايغۇدىن پۇچۇلىناتتى. غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئانىسىنىڭ جانسىز بەدىنى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ تۇراتتى، بىراق،

www.uyghurkitap.com

ئانىسى مىدىرلىماي جىم ياتاتتى، ئۇنىڭدىن ئاۋاز كەلمەيتتى. ھەيي ئانىسىنى ئۇياقتا - بۇياقتا ئۆرۈپ قاراشقا باشلىدى. بۆكەننىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق يارا ئىزى كۆرۈنمەيتتى. ئەجەبا ئانا بۆكەن قانداقلارچە بۇنداق ھەرىكەتسىز قىلمايدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟ بەدىنىدە ھېچقانداق يارا بولماي تۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا جانسىز ھالغا كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ ھەيي بۇ سوئاللار ئۈستىدە ئۇزۇن - ئۇزۇن ئويلاندى.

ئارىدىن بىر - ئىككى كۈن ئۆتتى. ھەيي ئانىسىنى تۇيۇقسىزلا يىقىتىپ ھەرىكەتسىز ھالغا كەلتۈرگەن نەرسىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى بۇرۇنقى ھالغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى خىيال قىلدى. بىراق بۇ قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟

ھەيي بىر مەزگىل تىرىك بولغان بىر جانلىقنىڭ تۇيۇقسىز يوق بولۇپ كېتىشىنى چۈشىنىشتە قىيىنلىشۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىش ئۈچۈن بەزى سىناقلارنى قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. كۆزلىرىنى يۇمغاندا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، ئاچقاندا بولسا خۇددى كۆز ئالدىدىن پەردە ئېلىپ تاشلانغاندەك قايتىدىن ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيتتى. ئوخشاشلا قۇلىقىنى ئېتىۋالغاندا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتى، ئاچقاندا بولسا ئەتراپتىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايتتى. بىراق، ئانىسىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ بىر - ئىككى ئەزاسى ئەمەس، بارلىق ئەزاسىغا كېسەل تەگكەن ۋە گويا بەدىنىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىدى. بەدىنىنى ھەرىكەت قىلىشتىن توختاتقان نەرسە زادى نېمىدۇ؟

ھەيي ئانا بۆكەننىڭ جانسىز بەدىنىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىك

بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. بۆكەنىنىڭ كۆكرەك قىسمىدا قاتتىق سۆڭەكلەر بار ئىدى. بۇ يەردە قىممەتلىك نەرسىلەر يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. ھەيي ھايۋانلار سوقۇشقاندا داۋاملىق كۆكرىكىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقلىرىنى ئويلاپ، بەدەنىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەزاسىنىڭ كۆكرەكنىڭ كەينىدە بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى مۆلچەرلىدى.

«ئۇنداقتا كۆكرەكتىكى بۇ نەرسىنى تاپالىسام، ئانامنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشىم مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. ئۆلۈك بۆكەنىنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ كۆزىتىشكە باشلىدى ۋە دەسلەپ بۆكەنىنىڭ ئۆپكىسىنى تاپتى. ئۇ ئۆزى ئىزدەۋاتقان نەرسىنىڭ بۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. بىراق، بۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ھېچقانداق يارا ياكى كېسەللىكنىڭ ئالامىتى يوق ئىدى. ئارقىدىن مۇستەھكەم ئورنالغان يۈرەكنى ناھايىتى تەسلىكتە سۇغۇرۇپ ئالدى. ھەييگە يۈرەك باشقا بەدەن ئەزالىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەكنى باشقا بەدەن ئەزالىرىغا قارىغاندا تەسرەك چىقارغانلىقتىن، يۈرەك ئەڭ مۇھىم نەرسىدەك بىلىنىپ كەتتى. ھەيي «مەن ئىزدىگەن نەرسەمنى تاپتىم. بۇنى ساقايتالىسام ئانامنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمەن» دەپ ئويلىدى. بىراق، بۇ زادى قانداق نەرسە؟ يۈرەكنىڭ ئىچىدە ھېچ نېمە يوق ئىدى. ھەيي ئۇچلۇق تاش بىلەن يۈرەكنى كەسكەندە، بىرى سولدا يەنە بىرى ئوڭدا تۇرغان ئىككى كۆزنى كۆردى. يۈرەكنىڭ ئوڭ كۆزىدە ئۇيۇپ قالغان قاندىن باشقا بىر نەرسە يوق ئىدى. سول كۆزى بولسا قۇرۇق ئىدى. دەسلەپ يۈرەكتىكى ئۇيۇپ قالغان بۇ قاننىڭ ئانىسىنىڭ ھەرىكەت قىلالماسلىقىغا سەۋەب بولغانلىقىنى ئويلىدى. بىراق ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق جېدەلدە يارىلىنىپ بەدىنىدىن قان ئاققانلىقى

ئېسىگە كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا بەدىنىدىن قان چىققان بولسىمۇ، ئۇ ئانىسىغا ئوخشاش ھەرىكەتسىز بولۇپ قالمىغان ئىدى. شۇڭلاشقا بەدەنىدىن قان چىققان تەقدىردىمۇ بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ قان چىقىشىنىڭ بۇ ئەھۋالغا سەۋەب بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. ئۇنداقتا سەۋەب قورۇق بولغان سول كۆزدە ئوخشىمامدۇ؟ ھەيي «بۆكەننى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسە چوقۇم مۇشۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇنداقتا ھازىر بۇ نەرسە قەيەردە؟

ھەيي باشقا جانلىقلار ئىگە بولالمايدىغان قابىلىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ھاياتلىق، مەۋجۇدات ۋە ئۆلۈم قاتارلىق ئابستراكت ئۇقۇملار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئۆزىچە يەكۈن چىقىرىپ باققان ئىدى. بېشىغا كەلگەن بۇ ئىشلار ھەيينىڭ قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ تەبىئەتتىكى شەيئى - ھادىسىلەر ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئويلىنىشىغا سەۋەب بولغانىدى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە: «ھاياتلىقنى ئاتا قىلغان قىممەتلىك نەرسە ئۇنداقتا بەدەندىن قانداق ئايرىلدى ۋە قايسى ئىشكتىن چىقىپ كەتتى؟» دەپ سوئال قويدى. بۇ ئايرىلىقتا ئانا بۆكەننىڭ ئوچۇقچىلىقتا قالغان جەستى چىرىپ پۇراشقا باشلىدى. ھەيي بۇنى كۆرۈپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپلا قالغانىدى. ئۆزىنى يىللاردىن بۇيان بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئانا بۆكەننى قانداقمۇ يالغۇز تاشلاپ قويسۇن؟

ئۇ ئۇنىڭ قېشىدىن كېتىشىنى ياكى ئۇنىڭ جەستىنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇشنى ئويلايتتى. چۈنكى بۆكەننىڭ جانسىز ۋۇجۇدى

www.uyghurkitap.com

ئانلىق مېھىر بېرىشتىن مەھرۇم ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىقىپ كەتكەن نەرسە، باشقا ھايۋانلارنى تىرىك قىلغان نەرسە بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ھەيي بۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، ئۆزىگە يېقىن جايدا سوقۇشۇۋاتقان ئىككى قارغا دىققىتىنى چېچىۋەتتى. قارغىلار رەھىمسىزلەرچە بىر - بىرلىرىنى چوقۇلايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بەكرەك ھۇجۇمغا ئۇچرىغان قارغا بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە يېقىلىپ چۈشتى. ئۇمۇ ھەرىكەت قىلماي جىم ياتاتتى. يەنە بىر قارغا بولسا يەرنى چوقىلاپ ئورەك كولىدى ۋە ئۆلۈك قارغىنى كۆمدى.

ھەيي بۇنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى. «بۇ ھايۋان بۇ ئىشنى قىلىشنى كىمدىن ئۆگەنگەن بولغىيتتى؟ بۇنى ئۇنىڭغا چوقۇم بىرى ئۆگەتكەن گەپ» دەپ ئويلىدى. ھەيي قارغىنى دوراپ ئانا بۆكەننى ئورەك كولاپ ئورەككە قويدى، ئارقىدىن ئۈستىنى تاش ۋە توپىلار بىلەن ئېتىۋەتتى. يەنى كۆمۈۋەتتى. ئۇ بۇرۇنقى گۈزەل كۈنلەر ئېسىگە كەلسە بۇ يەرگە كېلىپ ئانىسىنى يوقلاپ كېتەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ھاياتىدا شۇنداق ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالغانىدى.

ھەيي كۈنلىرىنى كاللىسىغا كىرىۋالغان سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ۋە كۆرگەن نەرسىلەرنى چۈشىنىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئويلىغانسېرى يېڭى ئۇقۇملارنى تاپاتتى، ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىشنىڭ ئوخشىمىغان چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. دەسلەپ پۈتكۈل بۆكەنلەرنىڭ ئانىسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ھەممىسىنىڭ رەڭلىرى، ئۈستىدىكى نەقىشلىرى، پۇتلىرى، بەدەنلىرى ئوخشاش ئىدى. دېمەككى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنى جانسىز قىلىدىغان

سىرلىق نەرسە بار ئىدى. ئۇ سىرلىق نەرسە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىقىپ كەتمىسە ئۇلار ھەرىكەت قىلالايتتى. ئۇنداقتا ئۇ سىرلىق نەرسە جانلىقلارنىڭ ۋۇجۇدىغا قانداق كىرىپ قالغان بولغىيتتى؟ ياكى قانداق بىر كۈچ ئورۇنلاشتۇرغان بولغىيتتى؟ بەدەننى پارچىلىماي تۇرۇپمۇ بۇ سىرلىق نەرسىنى بەدەنگە ئورۇنلاشتۇرۇشتەك قىيىن ئىشنى قايسى كۈچ قىلالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. بۇ چوقۇم يېگانە زاتنىڭ يارىتىشى بىلەن مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئىدى. شۇڭا، بىر - بىرىگە بۇنچىلىك دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىلەر پەقەت بىرلا ياراتقۇچى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلاتتى، خالاس.

ھەيي «ئۆزىگە ئوخشايدىغان باشقا جانلىقلارنىڭ بار يوقلۇقى»غىمۇ قىزىقىشقا باشلىغانىدى. ئارالنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنى تېپىشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئارالنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە ئوخشاش بىرەر جانلىقنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ ھارغىن ھالدا «قونالغۇ»سىغا قايتىپ كەلدى.

# ھەيينىڭ ئۆتنى بايقىشى

ھەيي ئۆزىنى تونۇشقا باشلىغان كۈندىن بۇيان تۈنجى قېتىم مۇشۇنداق چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغانىدى. ئۆزۈنىچە قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلمىدى، دېمەككى خىيال ئالەمى

ئۇنى ئۆزىگە شۇنچىلىك مەپتۇن قىلغان ئىدى، ئۇ غاردىن سىرتقا چىقىپ بىرئاز مېۋە يىغىش ئۈچۈن ئارىلىنىڭ يۇقىرىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر كۆپ يەرگە قاراپ ماڭدى. دەل بۇ ۋاقىتتا، ھەيۋە ئارىلىنىڭ ئەتراپىدا قويۇق تۇماق ۋە تۇمان ئاستىدا پارلاق بىر نەرسىنىڭ پارلىقىنى بايقاپ قالدى. بۇ پارلاق نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە قىزىققان ھەيۋە تۇمان چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. پارقىراپ چاقناپ تۇرغان بۇ جىسىم يالماۋۇزدەك ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىلەرنى يۇتۇپ يوق قىلىپ مېڭىۋاتاتتى. ئىسسىق ۋە پارلاق جىسىمدىن ئاق تۇمانلار چىقاتتى. ئۇ سەۋەبى نامەلۇم بولغان بۇ ئوت ئاپىتى ئالدىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھەيرانلىق ئىلكىدە قالغانىدى.

تۇنجى قېتىم ئوت كۆرۈۋاتاتتى. دەل - دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈپ يېقىتىپ ماڭغان بۇ ماددىغا قىزىقىسىنىپ قولىنى تەگكۈزۈپ باقماقچى بولۇپ، قولىنى ئوتقا ئۇزارتىشى بىلەن قولىنى كۆيدۈرۈۋالدى ۋە دەرھال قولىنى تارتىۋالدى. ئاخىرى ئۇ ئالدىكى «مەخلۇق»نىڭ ناھايىتى خەتەرلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئورماندىكى ئوت ئاپىتى ھەييگە شۇنچىلىك تەسىر قىلدى، ئۇ ئوتتا چالا كۆيگەن بىر نەچچە تالا دەرەخ شاخلىرىنى ئېلىپ غارغا قايتىپ كەلدى. ئارالدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى تۇرغۇن دەل - دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى، بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئوت ئۆچتى. چۈنكى دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆيۈپ كەتكەنلىكتىن ئوت كېڭىيەلمىگەنىدى. ھەيي بولسا شاخ - شۇمبىلاردىكى ئۆچمەي قالغان كىچىك ئوتنىڭ داۋاملىق يېنىپ تۇرۇشىنى ئويلايتتى. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم شاھىت بولغان

ئـوت ئاپتــده، ئوتنــاڭ قــۇرۇق ئوتۇنــلار ۋە چاتقالللقلارنــى بەكــرەك كۆيــدۈرۈپ تاشـلىغانلىقنى پـەرق ئەتكەنىدى، شۇڭلاشـقا غاردىكى ئوتنى يىغىــپ كەلگــەن قــۇرۇق شــاخ ـ شــۇمبىلار ۋە ئوتۇنلارغــا تۇتاشــتۇردى. ئـوت تۇتاشـقانىدى، ئـۇ ئوتنـى مۇشـۇ خـىل ئۇسـۇل بويىچـە سـاقلاپ قالغانــدى، شــۇنىڭدىن كېيــن غارنىــڭ كىرىشــىدە داۋاملىــق يېنىــپ تۇرغــان ئوتنــى كۆرگىلــى بولاتتــى.

ھەيــي بىــر كۈنــى دېڭىــز بويىــدا ئوتــۇن يىغىۋاتقانــدا، ئوتۇنلارنىــڭ ئارىسـىغا بىـر بېلىـق قىسـىلىپ قالغانــدى، ئـۇ ئـۇ بېلىقنــى پــەرق ئەتمــەي، ئوتــۇن بىلــەن بىرلىكتــە ئوتقــا تاشــلىدى، بېلىــق ئوتتــا پىشـــۋاتاتتى. ئـۇ بېلىقنــى ئېلىــپ پۇرىقىنــى پــۇراپ باقتــى، پۇرىقــى ئۇنــى بىئــارام قىلمــدى، ھەيــي قىزىقســىنىپ تەمىنــى تېتىــپ باقتــى. ئــۇ ئوتتــا پىشــقان بېلىقنــى ياقتــۇرۇپ قالــدى، دېمەككــى، ئوتتــا پىشــقان بېلىــق بۇرۇنقــى ھالىتىگــە قارىغانــدا تېخمــۇ لەززەتلىــك ئــدى، ئـۇ پىشـقان بېلىـق بىلـەن خـام بېلىـق ئوتتۇرىسـىدىكى پەرقنى بىلىۋالــدى. بـۇ ئەھـۋال ئۇنىڭغــا باشـقا ھايۋانلارنىمۇ ئوتتــا پىشــۇرۇپ يــەپ بېقىــش خىيالىنــى كەلتۈرگەنــدى. بـۇ ئـش ئۇنىــڭ كاللىسـىغا كىرىۋالــدى، ئۇنداقتــا ھايۋانلارنــى قانــداق تۇتــۇش كېــرەك؟ ئـۇ بـۇ ئــش ئۈســتىدىمۇ خېلــى بــاش قاتــۇردى. كاللىســغا بىــر نەچچــە ئــوي كەلــدى، ئــۇ ئەپلىــك تــۇزاق قــۇرۇپ ھايۋانلارنــى تۇتۇشــنى سـىناپ كۆرمەكچــى بولــدى، بۇنــداق قىلســا ھايۋانلارنــى ئاســانلا تۇتالايتتــى، بەكمــۇ ھېرىــپ كەتمەيتتــى.

ئۇنىــڭ كۈنلــرى ئويــلار، خىيالــلار بىلــەن ئۆتۈۋاتاتتــى، كاللىســدا بىــر نەرسـلەرنى تەسـەۋۋۇر قىلاتتــى، ھەيــي بىــر كۈنــى ئــوت ئالدىــدا

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆتنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئانا بۆكەن ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئەركىلەپ بېشىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە قويغان چاغلىرىدا مۇشۇنداق ئىللىق تۇيغۇدا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تۇتۇپ كەلگەن ھايۋانلارنىڭ بەدەنلىرىمۇ شۇنداق ئىسسىق ئىدى.

ھەيي ناھايىتى چېۋەرلىك بىلەن ئۆۋلىغان ھايۋانلارنى باشتىن - ئاخىر كۆزىتىپ، مەۋجۇدلۇقنىڭ سىرلىرىغا يەتمەكچى بولۋاتاتتى. ھايۋانلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ئىدى. ھەممىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئوخشاش ئەزالار، ئوخشاش تەرتىپلەر ئۇلارنى يوقتىن بار قىلغۇچىنىڭمۇ ئوخشاش بىر زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ھەيي بۇلار ئۈستىدە ئويلىنىۋېتىپ، تۇنجى قېتىم روھ دېگەن بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىپ يەتكەنىدى. بىراق، بۇ نەرسىگە نام بېرەلمىگەنىدى. بۇ نەرسە بەدەننىڭ يارىلانماسلىقىغا، ساغلام بولۇشىغا ۋە داۋاملىق ھايات بولۇشىغا كۇپايە قىلمايتتى. ساپ - ساق تۇرغان بىر جانلىق كۆرۈنمەيدىغان بىر نەرسىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشى بىلەن بىردىنلا يەرگە يېقىلىپ ئىككىنچى ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالاتتى. ئۇنداقتا جانلىقلارنى تىرىك تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر كۈچ بولۇشى شەرت ئىدى. يۈرەكنىڭ ئۆز ئالدىغا بۇ ئىشلارغا كۈچى يەتمەيتتى. يۈرەكنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھاياتلىق بەخش ئېتىپ تۇرىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى... بۇ كۆرۈنمەيدىغان نەرسە بەدەندىن چىقىپ كېتىشى بىلەن، بەدەن سېسىپ كەتكەن گۆشلەردەكلا بولۇپ قالاتتى.

ھەيي ئانا بۆكەننىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا بارالمىغانلىقىنى ۋە

ئـۇزۇن ئۆتمەيـلا كۆمۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنـى ئېسـگە ئالـدى. ئـۇ بىـر ئانـا ئـىدى، ھەيـي بـوۋاق ۋاقتىدىـن تارتـىپ پۈتـۈن مېھرىنـى بېرىـپ بېقـىپ چـوڭ قىلغانـدى، بـىراق، ئۇنىـڭ بەدىنىنـى تىرىـك قىلىـپ تۇرغـان نەرسـە بەدىنىدىـن چىقـىپ كەتكەنـدە، ھەيـي مېھرىبـان ئانىسـىنىڭ قېشـىغىمۇ بارالمىغـان ئـىدى.

كۈنلـەر، ئايـلار ۋە يىلـلار ئۆتتـى، ھەيـي خىيالـلار، چۈشـەنچىلەر ۋە بۇلارنىڭ تۈرتكىسـىدە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بايقاشـلار نەتىجىسـىدە ئاسـتا ـ ئاسـتا قـول سـايمانلىرىنى ياساشـقا، تۇرمۇشـنى ئاسانلاشـتۇرىدىغان ئاددىـي ئەمما ئىشـقا يارايدىغـان نەرسـىلەرنى ئىجاد قىلىشـقا باشـلىدى، ئـوۋلاپ كەلگـەن ھايۋانلارنـىڭ تېرىسـىدىن كىيـم، ئايـاق ۋە بۇنىڭغـا ئوخشـايدىغان نەرسـىلەرنى تىكىشـنىمۇ ئـۆزى ئۆگىنىۋالغانـدى، ئـۇ يىللارنـىڭ ئۆتۈشـى بىلـەن چـوپ ـ چـوڭ يىگـىت بولـۇپ قالغانـدى.

ئۇنىـڭ بۇنچـىۋالا كـۆپ ماھارەتكـە ئىگـە بولالىشـىدا ئەتراپىتىكـى جانلىقلارنـى ئىنچىكىلـىك بىلـەن كۆزىتىشـى ۋە ئۇلارنـىڭ قىلغانلىقلىرىنى تەـڭ دوراپ قىلىشـى قاتارلىقـلار مۇھـىم رول ئوينىغـان ئـىدى. قېلىـن تۈكلـۈك ھايۋانلارغـا قـاراپ، قىشـتا قېلىـن كىيىملەرنـى تەييـارلاپ چىققـان بولسـا، قاتتىـق نەرسـىلەرگە قـاراپ قـورال ـ سـايمانلارنى ياسـاپ چىققـان ئـىدى. مەسـىلەن، قارلىغاچلاردىـن ئـۆي ياساشـنى ۋە يىغققـان نەرسـىلەرنى بىـر يـەردە ساقلاشـنى ئۆگەنگەنـدى. ئـوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنـى ۋە ئۇۋىلىرىنـىڭ تۆشـۈكلىرىنى ئېتىدىغـان ھايۋانلارغـا قاراپمۇ غارغـا باشـقا جانلىقلارنـىڭ كىرمەسـلىكى ئۈچـۈن تاشـلار ۋە چاتقالـلار بىلـەن غـار ئېغىزىنـى ئېتىۋېتىشـنى ئويـلاپ يەتكەنـدى. ھەتتـا بىـر قېتىـم بىـر ـ بىرىگـە چىرمىشـىپ كەتكـەن قۇمۇشـلاردىن ئىشـىك

www.uyghurkitap.com

ياساپ، غارنىڭ ئېغىزىغا بېكىتكەندى.

ھەيي قورسىقى ئېچىپ كەتكەندە، غاردىن سىرتقا چىقىپ مېۋە - چېۋە قاتارلىق ئوزۇق - تۈلۈك يىغىپ غارغا قايتىپ كېلەتتى. بەزىدە ھايۋان ئوۋلاپ غار ئېغىزىدا يېنىپ تۇرغان ئوتتا پىشۇرۇپ يەيتتى. بىراق ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن داۋاملىق ئوتۇن يىغىپ كېلىش ياكى ھەر كۈنى ئوزۇق - تۈلۈك يىغىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىش ئۇنى سەل چارچىتىپ قويغانىدى. بۇنىڭغا بىرەر چارە تېپىش كېرەك ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ بىر نەرسىلەرنى ئويلاپ چىقتى. ئارالنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان مېۋە كۆچەتلىرى ۋە ئوتياشلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئۆزى تۇرىدىغان غارنىڭ ئالدىغا يۆتكەپ كەلدى. ئارقىدىن ئۇلارنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كۆمدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىنى گۈزەل بىر باغقا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا باغچىسىدىكى بەزى ئۆسۈملۈك ۋە كۆچەتلەر ئەي بولۇشقا باشلىدى. ھەيي ئۇزۇن مەزگىل جاپالىق ئىشلەش نەتىجىسىدە ئاخىرى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى باغدا ئېھتىياجلىق مېۋە - چېۋە ۋە ئوتياشلارنى ئۆستۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بايقاشلىرىدىن بىرى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش بولدى. ھەيي داۋاملىق ئوۋغا چىقىپ جاپا تارتىشنىڭ ئورنىغا، ئارالدىن تۇتۇپ كەلگەن ھايۋانلارنى ئۆيىنىڭ ئالدىكى غارغا سولاپ قوياتتى. ئېھتىياجى چۈشكەندە ئۇلاردىن خالىغىنىنى ئېلىپ بوغۇزلاپ يەيتتى. شۇڭلاشقا، ئۇزۇنغىچە ھايۋانلارنى قىيناماستىن ئۇلارنى تۇتۇشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى.

ئارالنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىغا پىستىرما قۇرۇپ، ياز ـ قىش پايدىلانغىلى بولىدىغان ھايۋانلارنى تۇتۇشقا باشلىدى. ھايۋانلارنى تۇتۇش جەريانىدا ئارالدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ياۋا ئاتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى ۋە ئۇزۇن مەزگىل تىرىشىپ بىر نەچچە تۇياق ياۋا ئاتنى ئۆزىگە كۆندۈرۈۋالدى.

بىراق، ئەتراپىدا شۇنچە كۆپ ھايۋان بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا غېرىپلىق باساتتى. ئۇنىڭغا نە ئۆزىگە كۆندۈرۈۋالغان ھايۋانلار نە گۈزەل بىغى تەسەللى بېرەلمەيتتى. ئۆزىنى باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى تونۇپ يەتكەندى. تەپەككۇر قىلىدىغان، ئەقىل ئىشلىتەلەيدىغان، ھېس قىلالايدىغان، يېگى نەرسىلەرنى بايقىيالايدىغان ئۆزىگە ئوخشاش باشقا جانلىقلارنىڭ بولۇش ئېھتىمالى ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇراتتى. ھايۋانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشايدىغان ئاتا ـ ئانىلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئاتا ـ ئانىسى بولۇشى كېرەك ئىدى.

# ھەييىنىڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچىنى ئويلىشى

ھەييىنىڭ يېشى چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، چۈشەنچىلىرىمۇ چوڭقۇرلىشىۋاتاتتى. ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، تاشلار، مەدەنلەر، سۇ پارلىرى، قار دانچىلىرى، تۇمان ۋە باشقا جانلىقلار بولۇپ ئارالدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. ھەيي بۇ مەۋجۇداتلار ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزەتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھاياتلىق، مەۋجۇدات ۋە شەيئى ـ ھادىسىلەر كۆرۈنگەندىمۇ بەكرەك

چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە ئىدى. مەۋجۇداتلار بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قالاتتى. تاشقى كۆرۈنۈشلىرى، قۇرۇلمىلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايتتى. ئۇ بۇ جانلىقلارنىڭ يېگانە زات تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارايتتى. بىراق، جانلىقلار ئارىسىدىكى بەزى روشەن پەرقلەر ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. مەسىلەن، ھەيي ھايۋانلارنىڭ ئۆسۈملۈكلەردىن تېخىمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۆسۈملۈكلەر يۈزلىرىنى قۇياشقا بۇرايتتى، ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرى بولسا يەردىن ئوزۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن ئوڭ ـ سولغا كېڭەيگەنىدى. بىراق، ھايۋانلار ئۆسۈملۈكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەركىن ۋە بىمالال ھەرىكەت قىلاتتى. ئەقىل ۋە مەنتىقتىن مەھرۇم بۇ ھايۋانلار مۇئەييەن بىر تەرتىپ ـ نىزامغا ماسلىشىپ مۇشۇنداق مۇكەممەل ھەرىكەت قىلىشى ئۇنى قاتتىق ئويلاندۇرغانىدى.

ھەيي ھەممىدىن بەك ئۆزىنىڭ تۈرى ھەققىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلاتتى. ئەجەبا مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئارالدىكى ھايۋانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىمەن؟ قايسى ئالاھىدىلىكلەر مېنى بۇ يەرتداشلىرىمدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. ئۇ تەبىئەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەنسېرى ۋە ئەتراپىدا ۋۇجۇدقا چىققان ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرغانسېرى، بارا ـ بارا شەيئى ـ ھادىسىلەرنى باشقىچە كۆرۈشكە باشلىدى.

جىمى نەرسىدە بىرلىك، مۇۋازىنەت، گارمونىك تەرتىپ ۋە بىرلا ئۆلۈغ سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيىتى بولۇشتەك مۇكەممەللىك بار ئىدى.



www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق نەرسە يەنە بىر نەرسە بىلەن زىتلاشمايتتى، توقۇنۇشمايتتى ۋە تەرتىپنى بۇزىدىغان تەرىقىدە ھەرىكەت قىلمايتتى. تاش يەرگە چۈشەتتى، سۇ ئاقاتتى، تۇمان ئېگىزگە ئۆرلەيتتى. مۇكەممەل تەرتىپ ـ نىزام ئىچىدە داۋاملىشىۋاتقان ھاياتلىق، ياراتقۇچىنى چۈشىنىش ۋە تونۇشنىڭ پاكىتلىرىنى قويىندا مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. ھەيي تەبىئەتتىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغانسېرى، ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقىدە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق يېڭىلىقلارغا شاھىت بولاتتى. سۇ، ئوت، قۇياش، زېمىن، ھاۋا، يامغۇر، قۇرۇق ـ ھۆل، قاتتىق ـ سۇيۇق قاتارلىق تۈرلۈك شەيئىلەر ھەر بىرى ئۆزىگە خاس بېكىتىلگەن يۆنىلىشتە ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىۋاتاتتى. ئۇنداقتا بۇنچىلىك مۇكەممەل دەرىجىدە يارىتىلغان بۇ مەۋجۇداتلارنىڭ چوقۇم ئىگىسى بولماي قالمايتتى... بۇ قۇدرەت ئىگىسى كائىناتتىكى ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان ۋە چەكسىز، دائىملىق ۋە ھېچقانداق نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولمىغان ياراتقۇچى بولۇشى كېرەك ئىدى.

ھەيي سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ چەكسىز قۇدرەت ئىگىسىنى لايىق رەۋىشتە چۈشىنىپ بولالمىغانلىقىنى بىلەتتى. بارچە شەيئىلەرنى شۇنچىلىك مۇكەممەل ياراتقان بۇ زات چەكسىز ئىلىم، قۇۋۋەت ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان ياراتقۇچى زات كائىناتتىكى مەۋجۇداتلىقنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم بىر شەكىل، رەڭ ۋە مەزمۇن ئاتا قىلغان ئىدى.

ھەيي پات ـ پات ئۆزى تۇرۇۋاتقان غارنىڭ بۇلۇڭىدا ھېچ نەرسىنى خىيال قىلماي خىيالنى ۋە زېھنىنى يالغۇز ئاللاھقىلا

www.uyghurkitap.com

مەركەزلەشتۈرەتتى. ئۇ ياراتقۇچىسىنى تونۇشقا ۋە چۈشىنىشكە تىرىشاتتى. قەلبىدە ياراتقۇچى ھەققىدە پەيدىنپەي شەكىللىنىۋاتقان گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلار ئۇنى ياراتقۇچىغا بىر ئاز بولسىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋاتاتتى.

ھەيي ئوزۇقلۇقلارنىڭ تەملىرىنى، پىشقان ۋە خام مېۋىلەر ئارىسىدىكى لەززەت پەرقىنى، تاماقنى پەقەت قورساق تويغۇچىلىك يېسە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۆگەنگەن ئىدى. تاماقتىن كېيىن قوللىرىنى يۇيۇشنى، بەدىنى پۇراپ قالغان ھامان دېڭىز بويىدىكى پاكىز سۇلاردا يۇيۇنۇپ پاكىزلىنىشنى ئادەت قىلغانىدى. پاكىزلىق ھەققىدە بەزى «ساۋات»لارنى يەنە ئارالدىكى بەزى ھايۋانلاردىن ئۆگەنگەنىدى.

# ئابسالنىڭ ئارالغا كېلىشى

ھەيي ياشاۋاتقان ئارالغا يېقىن جايلاردا چوڭ ـ كىچىك ئاراللار بار ئىدى. ھەيي ئارالنىڭ ئېگىز تۆپىلىكلىرىگە چىققان ۋاقىتلىرىدا بۇ ئاراللاردىن ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغىنىنى تۇمانلار ئارىسىدىن كۆرۈپ قالاتتى ۋە شۇ يەرگە بېرىشنى خىيال قىلاتتى. ئەجەبا ئۇ يەردە ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىرى بارمۇ؟ كۆز ئالدىكى بۇ ئاراللارنىڭ بىرىگە بارسا، ئۆزىگە ئوخشاش ئويلايدىغان مەخلۇقلارنى ئۇچرىتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس ئىدى.

ھەيي ياشاۋاتقان بۇ ئارالدىن پەقەت ھاۋا ئوچۇق ۋاقىتتىلا

كۆرگىلى بولىدىغان بۇ ئارال زۇمرەت ئارىلى ئىدى. بۇ ئارالدا ھەييگە ئوخشاش مەخلۇقلار يەنى ئىنسانلار ياشايتتى. زۇمرەت ئارىلىدا ئىنسانلار ناھايىتى خوشال ـ خورام، ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشايتتى. بۇ ئارالدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان پادىشاھ سالامان، ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئارال خەلقى تەرىپىدىن ناھايىتى ياخشى كۆرۈلەتتى. سالاماننىڭ ئابسال ئىسىملىك يېقىن بىر دوستى بار ئىدى، ئۇ پات ـ پات پادىشاھنىڭ قەسرىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلىشەتتى. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا چىققان ئابسال، بەزى مەسىلىلەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى.

پادىشاھ دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

ـ مەن قانداق ياشاش ۋە ئەلنى قانداق باشقۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن، ـ دېدى. ئابسال ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن:

ـ ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇپ، چىن قەلبىدىن ئىبادەت قىلىش كېرەك، ئۇ چاغدا ئاندىن ئادىل بولالايلا ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيلا، دەپ پادىشاھ دوستىنى ئاگاھلاندۇردى. پادىشاھ بىر ئاز ھەيران قالغان ھالدا:

ـ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى پەقەتلا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، مەن ئەزەلدىن ئاللاھقا ئىشىنىپ كېلىۋاتىمەن ۋە ئۆزەمگە توغرا بىلىندىغان ئىشلارنى قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ـ دېدى. ئابسال دېمەكچى بولغانلىرىنى تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

ـ توغرا دەيسىز، ئەلۋەتتە قولىڭىزدىن كېلىشىچە ئىبادەت قىلىپ

كېلىۋاتىسىز، بىراق، مەن سىزنى تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلسىكەن دەيمەن. سىزگىمۇ ئايانكى، ئىنسان چوڭ بولغانسېرى ۋە ئالىي مەرتىبىلەرگە ئېرىشكەنسېرى ئارزۇ - ئىستەكلىرىمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. ئەتراپتا نۇرغۇن نامرات ئادەملەر بار. ھەددىدىن زىيادە مال - دۇنيا يىغىش، خەلققە زۇلۇم سېلىش ۋە ئادىل بولماسلىق قاتارلىق قىلمىشلار بىزنى يولدىن چىقىرىدۇ.

پادىشاھ دوستىنىڭ سۆزىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. بىراق، دوستى ئۆزىگە ھاقارەت قىلغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئابسال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئىنسان نەپسىنى داۋاملىق تىزگىنلەپ تۇرۇشى كېرەك، قۇللۇق مەسئۇلىيىتىنى چىن ئىخلاس ۋە سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك.

ئەسلىدە دوستىغا ياردەم قىلىشتىن باشقا نىيىتى بولمىغان ئابسال، سەممىي چۈشەنچىلىرىنى سۆزلەۋاتاتتى. بىراق، پادىشاھ ئابسالنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزىگە ئېلىۋېلىپ كۆڭلىنى غەش قىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىدىكى يالاقچىلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن دوستىغا بولغان غۇم تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى، بىر كۈنى پادىشاھ ئابسالنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، ئۇنى ھاقارەتلىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى ئېيتىپ قەسىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. پادىشاھ سەممىي ۋە قەدىناس دوستىغا ھەقىقەتەن ناچار مۇئامىلە قىلغانىدى. ئابسال شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنى ئىزدىمىدى، ھەتتا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

ئابسال ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن

ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئىنسانلار بىلەن جېدەل قىلماسلىق ۋە جەمئىيەتتە پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارماسلىق ئۈچۈن، زۇمرۇت ئارىلغا يېقىن، خىلۋەت بىر ئارالغا كېتىپ يالغۇز ياشاشنى قارار قىلدى. سەپەردىن ئىلگىرى دوستى سالامانىي يوقلاپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قويدى. پادىشاھ قىلغانلىرىدىن پۇشايمان قىلغانىدى. ئەسلىدە ئۇمۇ ناھايىتى قەدىناس ۋە سەممىي دوستىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن كۆڭلى يېرىم ئىدى. بىراق، پادىشاھ كىبىر ۋە تەرسالىقى سەۋەبلىك كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەتراپىدىكى ھەسەتخورلار ئۇنى ئابسالغا ناچار مۇئامىلە قىلىشقا كۈشكۈرتەتتى.

ئابسال يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى بارلىق مال - بىساتلىرىنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىپ، بىر - ئىككى نەرسىنىلا ئېلىپ قالدى. ئۇ كىچىك بىر قېيىقنى ئىجارىگە ئېلىپ يولغا چىقتى. قېيىقچىلار ئۇنى بىر كۆللۈك كېلىدىغان ئارالغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كېتىشتى. ئادەمزات بولمىغانلىقى ۋە ناھايىتى جىمجىت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جايغا «جىمجىت ئارال» دەپ نام بېرىلگەن ئىدى.

ئابسال ئارالغا كېلىپلا، ئالدى بىلەن خاتىرجەم تۇرالايدىغان بىر يەر تېپىشنى قارار قىلدى، ئۇ ئارالنى كېزىشكە باشلىدى. ئارالنىڭ قىيالىق تەرىپىدە كىچىك بىر غارنى كۆرۈپ قالدى. بۇ جاي قونۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك ماكان ئىدى. ئۇ غارغا كېلىپ قېشىدا ئېلىپ كەلگەن نەرسە - كېرەكلەرنى تاشلاپ قويۇپ، ئارال بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن كېزىشكە ماڭدى.

www.uyghurkitap.com

ئابسال ئارالدا بىر هازا كەزگەندىن كېيىن، ياۋا ئامۇت، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەرنى يىغىپ غارغا قايتىپ كەلدى. ئۇ كۆنلىرىنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، قورسىقى ئاچقاندا ئازراقلا بىر نەرسە يەپ قويۇپ، يەنە ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا، ناھايىتى ئاز ئۇخلاپ كۆڭۈل دۇنياسىنى كېڭەيتىشكە، قەلبىنى جانلىق تۇتۇشقا تىرىشاتتى. «باشقىلارنىڭ كەينىدىن گەپ قىلماسلىق، پىتنە قىلماسلىق، گۇمانخورلۇق قىلماسلىق، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق، ئاچكۆز بولماسلىق ئۈچۈن دەل مۇشۇنداق بىر خىلۋەت جايدا ياشاش كېرەك» دەپ ئويلايتتى. بۇ جاي دەل ئاللاھقا پۈتۈن قەلبى، زېھنى ۋە دىققىتى بىلەن ئىبادەت قىلىشقا شۇنداق مۇۋاپىق جاي ئىدى. بۇ يەردە ھېچكىممۇ ئۇنى ئاۋارە قىلمايتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئابسال ئىزچىل ئىبادەت قىلىپ، ھەققە يېقىن بولۇشقا تىرىشىپ، ھۇزۇرغا ئېرىشەتتى. ھەپتىدە بىر كۈن ئوزۇقلۇق يىغىپ كېلىشى كېرەك بولغانلىقتىن، مەجبۇرىي سىرتقا چىقىدىغان ئابسال بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارالنى تونۇپ چىقىشقىمۇ سەل قارىمايتتى. ئۇ ئارالدا بىر ئايدەك تۇرغان بولسىمۇ، بىر نەچچە ياۋا ئۆچكە ۋە بىر - ئىككى بۆكەن ئۇچراتقاندىن باشقا، ھېچقانداق مەخلۇق ئۇچرىتىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، «بۇ جاي ھەقىقەتەن ماڭا مۇۋاپىق جاي ئىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارالدا ئوزۇقلۇق تېپىشقا چىققان ئابسال، مېۋە يىغىۋاتقاندا ئۇ ئەتراپتا كېزىۋاتقان ھەيي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە خۇددۇكسىرەپ قاراشتى، ئۇلار قاتتىق ھەيران قېلىشقان ئىدى، بىر - بىرلىرىگە ئۇزۇنغىچە قارىشىپ

نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى. ئابسال ئالدىكى بۇ غەلىتە كىيىنىۋالغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ تەنھا ئارالنى تاللىۋالغان دەرۋىش بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. ئارقىدىن كۆز ئالدىكى بۇ ئادەمنىڭ غەلىتە ھەرىكەت قىلىشىغا قاراپ، تەمكىنلەشتى.

ھەيي بولسا تۇيۇقسىزلا ئۇچراتقان بۇ مەخلۇقنىڭ، ھازىرغىچە كۆرگەن ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۆزى بىلەن ئوخشاش بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى. ئابسال بىلەن ھەيي ئۇزۇنغىچە كۆزلىرىنى بىر - بىرلىرىدىن ئالالمىدى. ئابسال ھوشىنى يىغىپ، بۇ ئىشنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال بۇ يەردىن ئايرىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئەمما ھەيي ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قەلبىنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان غەلىتە ۋە يوچۇن تۇيغۇلار، ھەم ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق ئۇچراتقانلىقتىن پەيدا بولغان ھەيرانلىقنىڭ تۈرتكىسىدە، ئابسالنىڭ پېيىغا چۈشتى. ئابسال بۇ يات ۋە غەلىتە مەخلۇقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن شۇنچە كۈچەپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا كار قىلمىدى.

قۇياش دەل تىك چۈشكەن، ھەتتا غەرىبكە سەل قىيىشقا باشلىغان ئىدى. ئابسال بۇ غەلىتە مەخلۇق بىلەن كارى بولماي، بۇرۇنقىدەكلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ھەيي ئابسالنى بىمالال كۆرەلەيدىغان بىر قىيانىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئابسال تاھارەت ئېلىپ نامازغا تۇرغان ئىدى. ھەيي ئابسالنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

قىزىقسىنىپ كۆزىتىۋاتاتتى ۋە ئۆزىگە ئوخشايدىغان بۇ مەخلۇقنىڭ قىلغانلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشاتتى. ئابسال پۈتۈن زېھنى ۋە دىققىتىنى ئاللاھقا دۇئا قىلىشقا مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ئابسال قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ: «ئى بارلىق نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن خالىي ۋە بارلىق كامالىي سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن رەببىم، سېنىڭ شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭگە سېغىندىم... مەخلۇقلىرىغا چەكسىز رەھمەت قىلىدىغان ۋە كائىناتتىكى بارلىق نېمەتلەرنىڭ، مەغپىرەت، رەھمەت، شەپقەت ۋە مەرھەمەتنىڭ ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىم... بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قالغايسەن...»

ھەيي دەسلەپ ئابسالنىڭ ئاۋازىنى ناھايىتى قىزىقسىنىپ ئاڭلىدى، بۇ ئاۋاز باشقا جانلىقلارنىڭ ئاۋازىغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان بۇ كەلىمىلەر ۋە سەممىي يىلىنىشلار ھەيينىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھەر خىل تەسىرلەر پەيدا قىلاتتى. بىر تەرەپتىن يەنە ئابسالنىڭ تۇرقىغا، بەدەن قۇرۇلمىسىغا، ھەرىكەتلىرىگە ۋە ئاۋازىغا دىققەت قىلىپ، ئۇنى بىلەن سىلىشتۇرۇشقا باشلىدى. بىراق، ئابسال ھەيينىڭ ئۆزىنى كۆزىتىشىدىن بىئارام بولدى. شۇڭلاشقا بۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئىبادىتىنى ھېچكىم بولمىغان باشقا بىر جايدا داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. بىراق، ھەيي ئۇنىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. بۇ جەرياندا ھەيي قوللىرىنى ئىشارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكى بىرى ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ئابسال قولىنى ئۇزارتىپ ھەيينىڭ قولىنى تۇتماقچى بولدى. ھەيي دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى. بىراق ئابسال ئۆزىنىڭمۇ

ياخشى نىيىتى بارلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھەيىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى ۋە گەپ باشلاپ:

_ ئىسمىم ئابسال. دوستۇم مەندىن قورقمىغىن... قېشىمغا كەلگىن، تونۇشساق قانداق دەيسەن؟ - دېدى. ھەيىي ئۆزى بىلىدىغان بارلىق ھايۋان ئاۋازلىرىنى چىقىرىپ ئابسال بىلەن ئالاقە قۇرۇشقا تىرىشىپ باقتى. بىراق تولىمۇ ئەپسۇسكى، ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرلىرىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشىنىشتە قىينىلىۋاتاتتى.

# ئىككى دوست

ئابسال ھەيىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېنىدا ئېلىپ كەلگەن ئوزۇقلۇقلاردىن تەڭلىدى. ھەيىمۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ سەممىيلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇش نىيىتى بارلىقىنى كۆرسىتىپ، ئابسالغا يېقىنلاشتى. ئابسال ھەيىنىڭ بۇ ئارالغا باشقا يەردىن كېلىپ قالغان بىچارە بىرى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەنىدى. ئىنسانلاردىن يىراقتا تۇرۇش ئۈچۈن تەنھا بىر ئارالدا يالغۇز ياشاشقا قارار بەرگەن ئابسال، ھەيىگە ياردەم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر - بىرلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتالايدىغان ئورتاق بىر تىلغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئابسال ھەر كۈنى ھەيىنى يېنىغا ئېلىپ، شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ، ناملىرىنى تەلەپپۇز قىلىشقا باشلىدى:

_ نان، قېنى دەپ باققىن!

_ نان. ئابسال يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى:

_ نان...

ھەيـي ھـەر قېتىـم كەلىملەرنـى توغـرا تەلەپپـۇز قىلمـاي، باشـقىچە تەلەپپـۇز قىلاتتـى، ئابسـال بولسـا ئـۇ بىـر كەلىمنـى توغـرا تەلەپپـۇز قىلغۇچـە، ھارمـاي تەكرارلايتتـى، ئابسـال شـۇنچە ھېرىـپ كەتسـمۇ، كەلىملەرنـى بىرمـۇ بىـر سـۆزلەپ، شـەيئىلەرنى كۆرسـىتىپ ناملىرىنـى تەلەپپـۇز قىلاتتـى. مۇشـۇ پېتـى ئالتـە ئـاي داۋاملاشـتى، ھەيـي نۇرغـۇن كەلىمـە ئۆگىنىـپ بولغانـدى ۋە ئـۆز ئالدىغـا بـەزى كەلىملەرنـى تەلەپپـۇز قىلالايدىغـان ھالغـا كەلگەنىدى. ئابسـال دەسلەپ ئەتراپتىكى شـەيئىلەرنىڭ ناملىرىنـى ئۆگەتتـى. ئارقىدىـن بىـر ـ ئىككـى قىسـقا دۇئـا ئۆگىتىـپ قويـدى. ھەيـي ئابسـالنى ئـۆز پېتـى دوراپ كەلىملەرنـى توغـرا تەلەپپـۇز قىلالايدىغـان ھالەتكـە يەتتـى، ئۇنـىڭ ئۆگىنىـش سـۈرئىتى تېزلىشـىپ كەتكەنـدى.

ئىككـى دوسـت ھىندىسـتان ياڭـقـى، سـۈت ۋە بىـر ـ ئىككـى تـال يـاۋا ئامـۇت بىلـەن ناشـتا قىلاتتـى. ئارقىدىـن دەرس باشـلايتتى. ئابسـال بامـدات نامىزىنـى بالـدۇر ئوقۇغانلىقـى ئۈچـۈن، ھەيـي ئۇنـىڭ نېمـە قىلغانلىقىدىـن خەۋەرسىز قالاتتـى. ئەممـا ھەيـي پېشـىن، ئەسىر، شـام ۋە خۇپتـەن نامازلىرىنـى كۆزىتىـپ، ئابسـال ئېيتقـان بـەزى كەلىملەرنـى يادقـا ئېلىشـقا تىرىشـاتتى. دېمىسـىمۇ، ئابسـال بارلىـق نامازلاردىكـى دۇئالارنـى ئۈنلـۈك ئوقـۇپ ھەيينىـڭ تاۋۇشـلارنى تونۇشـى ۋە دېيىلگەنلەرنـى يـاد ئېلىشـنى ئاسانلاشـتۇراتتى. ئـۇلار كەچلىكـى بىـر ئـاز گـۆش پىشـۇرۇپ يەيتتـى. كەينىدىـن ئۇزۇنغىچـە دىننـي سـۆھبەتلەرنى قىلىشـاتتى.

ئابسال ئىسلامدىن خەۋەرسىز بولغان ھەيگە تىل ئۆگەتكەندىن كېيىن دىنني ئىلىملەرنىمۇ ئاسانلا ئۆگەتكىلى بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگەنىدى. ھەيي قىزىقىش، ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئابسال بىلەن بىمالال پاراڭلىشالايدىغان ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرەلەيدىغان ھالەتكە يەتكەنىدى.

ھەيي ئابسال سورىغان سوئاللارغا جاۋاب قايتۇرالايدىغان ۋە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرەلەيدىغان بولدى. ئابسال ھەيينىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىغا قىزىقىپ قالغانىدى. ئابسال يۇرتىدا مۇنداق بىر ھېكايە ئاڭلىغان ئىدى: ئۆتتۈز - قىرىق يىل ئىلگىرى زالىم بىر پادىشاھنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى قەتلى قىلىشقا قارىتا، بەزى ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنى سۈۋەت ياكى ساندۇقلارغا سېلىپ دېڭىزغا قويۇپ بېرىدىكەنمىش. كىم بىلىدۇ، بەلكى ھەييمۇ شۇ بوۋاقلاردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

ھەيي ئۆز ھاياتى ھەققىدە ئەسلىيەلەيدىغان ئىش بولسا، پەقەت باللىقىدا ئانا بۆكەن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن گۈزەل كۈنلەر ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكىسىنى ئەسكە ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئابسال كېچە - كۈندۈز دېمەستىن دوستىغا يېڭى كەلىمىلەر بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان ئىلىملەرنى ئۆگەتتى.

ئىككەيلەننىڭ بىر - بىرلىرىنىڭ ھاياتى ھەققىدە قىزىققان نەرسىلەردىن خەۋەردار بولۇشى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىنى بارغانچە چىڭىتىۋاتاتتى. بۇ قېتىم ھەيي ئابسالنىڭ دۇئا، يىلىنىش ۋە ئىبادەتلىرىگە قىزىقىشقا ۋە بۇلارنىڭ مەنىسىنى سوراشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئابسال بامدات نامىزى ئۆچۈن ئەزان ئوقۇشقا باشلىغاندا، ھەييمۇ تەڭ ئويغىناتتى. ئابسال بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئارالدا سەيلى قىلغىلى چىققاتتى ۋە قۇياش چىقىپ بىر ئاز كۆتۈرۈلگۈچە كۆندىلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. چۈشكە يېقىن قايتىدىن تاھارەت ئېلىپ ئىبادەت قىلىشقا ئۆتىدىغان ئابسال، پېشىن ئەزىنىنى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز قىيالىققا چىقىپ ئوقۇيتتى. ھەيي شۇنداق قىلىپ بىر كۈن ئىچىدە بەش قېتىم ئوقۇلىدىغان ئەزاننىڭ ۋاقتىنى ئۆگىنىپ، ۋاقىتلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىيالايدىغان بولدى.

ھەيي ئابسالدىن توختىماي بىر نەرسىلەرنى سورايتتى، ئابسالمۇ زېرىكمەي ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى. ئابسال ھەيينىڭ بۇ قىزىقىشىغا قارىتا، نامازدىن كېيىن دىنىي ئىلىملەرنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىشنى قارار قىلدى. تۇنجى بولۇپ، ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە بىرلىكىنى بايان قىلماقچى بولۇپ، سۆزىنى مۇنداق باشلىدى:

_ ئى قېرىندىشىم! بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ كائىناتنىڭ ۋە جىمى جانلىقلارنىڭ مۇتلەق بىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىغا چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىمىز. ئۇ ياراتقۇچى بولسا ئاللاھتۇر. ئاللاھ بىزگە ئۆزىنى ئىجادىيەتلىرى بىلەن، كائىناتتىكى ھەر بىر شەيئىي بىلەن تونۇتۇپ بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، مەلۇم دەۋرلەردە پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن. ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. بىز ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرىمىز. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ بەخت

ـ سائادەت ئىچىدە ياشىشى ۋە ئاللاھنى تونۇپ ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشى ئۈچۈن، ئىنسانلارغا پەندى ـ نەسىھەت قىلغان.

بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر قىسمىغا جىبرىل ئىسىملىك پەرىشتە ئارقىلىق كىتابلار ئەۋەتىلگەن. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەۋەتىلگەن مۇقەددەس كىتاب بولسا قۇرئان كەرىم بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادەت يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇقەددەس كىتابتۇر. جىبرىل تۆت چوڭ پەرىشتىدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭغا ئوخشاش سان ـ ساناقسىز پەرىشتىلەر بار. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز رەببىنىڭ ئەمرلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن بەند بولىدۇ. ئابسال ھەييگە قۇرئان كەرىمدىن بىر نەچچە ئايەت ئوقۇپ، بۇلارنىڭ تەپسىرىنى قىلدى.

ئابسال سۆزلىگەندە ھەييىنىڭ كاللىسىدا يىللاردىن بۇيان قىزىقىپ كېلىۋاتقان، بىراق، ھەل قىلالماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەر بىر ـ بىرلەپ ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئۆسۈملۈكلەرنى، ھايۋانلارنى، ئاسمان ـ زېمىننى، ئىسسىق ـ سوغۇقنى، جانسىز جىسىملارنى كۆزىتىپ ئۇلۇغ ياراتقۇچىنى چۈشىنىشكە ۋە تونۇشقا تىرىشقان ئىدى. ھازىر ئابسالنىڭ دېگەنلىرى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى بارلىق چىگىش مەسىلىلەرنىڭ ئايدىڭلىشىشىدا تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتاتتى. ئابسال تەقدىر ھەققىدە توختالغان، شۇنداقلا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ بۇلارنى يارىتىشتىكى ھېكمەت، سىرلىرىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدى. بۇ ئىلمەلەرنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان ھەيي، ئابسالنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى زەن سېلىپ ئاڭلايتتى. قەتئىي زېرىكمەي قالمايتتى،

ئابسال گەپ قىلاتتى، ھەيي ئاڭلايتتى... بىر كۈنى ئىككىلەيلەن كۈن بويى دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ ھېرىپ كېتىشتى ۋە ئۇلار دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەتلەرنى ئىككىنچى كۈنگە قالدۇرۇپ، ئۇيقۇغا غەرق بولۇشتى.

ئەتىسى ھەيي ئەتىگەنرەك تۇرۇپ ئابسالغا مېۋىلەردىن ناشتىلىق تەييارلىدى. ئابسالنىڭ بۇرۇنراق ئويغىنىپ، ئىبادەت ھەققىدە دەرس بېرىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئابسال كېچىسى بىر ئاز ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن ئويغىنىپ كېچە ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلاتتى. ئارقىدىن بامدات نامىزىغىچە بىر ئاز ئۇخلىۋالاتتى. بامدات ئەزىنىنى ئوقۇش ئۈچۈن قىيامغا چىققىنىدا ھەيينىڭ ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىككى دوست تۈنجى قېتىم بىرلىكتە ناماز ئوقۇشتى. ئابسال نامازدىن كېيىن ئۇزۇنغىچە دۇئا قىلدى. ئۇ ھەيينىڭ ناماز ئوقۇشنى باشلىشىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى. دەرھال قىبلىگە قاراپ يۈزلىنىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئاللاھتىن ھەييگە ئۆزى بىلگەن دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىتىشتە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشكە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلدى. ئىنساننىڭ زېممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە بىلدۈرگەنلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئىدى. قالغىنى ئاللاھنىڭ نېسىپ قىلىشى ۋە دىلغا سىڭىشى بىلەن مۇمكىن بولاتتى. ئابسال ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، قالغىنىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئابسال كېچە ناھايىتى ئاز ئۇخلىغانلىقتىن ئۆزىنى ھارغىن ھېس قىلىپ، ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا نىشانىنى يوقىتىپ تېڭىرقاپ قالغان ھەييگە ياردەم قىلىپ چۈش



www.uyghurkitap.com

كۆردى. چۈشىدە ئابسال ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۆگىسىگە مىندۈردى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىشتى. ئابسال چېلەك بىلەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ھەييگە تەڭلەيتتى، ھەيي سۇ ئىچكەنسېرى يۈزى نۇرلىناتتى. ھەيي سۇدىن يۇتۇملاپ ئىچكەنسېرى يۈزلىرى پارقىراپ، كۆزلىرى قۇياشتەك چاقنايتتى. ئابسال قۇياشقا قارىيالمايتتى، بىردىنلا ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى. كۈن چىققان ئىدى...

بىر ئازدىن كېيىن ھەيي ئابسالنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەيي ناھايىتى ئويچان كۆرۈنەتتى. ئابسال ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ گەپ باشلىدى:

_ ساڭا نېمە بولدى، غەمكىن كۆرۈنسەنغۇ؟

_ تۈنۈگۈن كېچە ئۇخلىيالمىدىم.

_ نېمە ئۈچۈن؟

_ كاللامدا بەزى مەسىلىلەر پەيدا بولدى، مەسىلەن، ئىبادەتنىڭ نېمە ئۈچۈن كېرەكلىك ۋە شەرت ئىكەنلىكىنى پەقەتلا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

_ ئاللاھ بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىزگە ئېھتىياجلىق ئەمەس. ئەمما بىزنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئېھتىياجىمىز بار. ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان ھايات، بەدەن، سالامەتلىك، ياخشىلىق، نېمەت ۋە ئامان - ئېسەنلىك ئۈچۈن ئۇنىڭغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ دەل ئىبادەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ھېكمىتىدۇر.

_ ئەقلىم ئارقىلىق چۈشىنىشكە تىرىشقان نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى

پەقەت سەن ماڭا سۆزلەپ بەرگەن دىنىي ئىلىملەر تۈرتكىسىدە چۈشىنىۋاتىمەن.

_ ئەقىل پەقەت ۋەھيىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىشقا يارايدۇ. قۇرئان كەرىمدە قەيت قىلىنغان نۇرغۇن مەسىلە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن ناھايىتى ئەتراپلىق ئىزاھلانغان. ئاللاھ ئۇنىڭ ئىسلامىي تۇرمۇشى بىلەن بىزگە جانلىق مىسال تەقدىم قىلغان.

ھەيي ئەقىل ئارقىلىق ئىزدىنىشكە ئىرىشكىلى بولىدىغان بەزى ھەقىقەتلەرنىڭ پەقەت ۋەھيى بىلەن توغرا ئايدىڭلىشىدىغانلىقىنى ۋە ۋەھيىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە ئىرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندى. ئابسال بىر تەقۋادار ئىلىم ئىگىسىنىڭ «ئەقىل ھەم يېتەرلىكتۇر ھەمدە يېتەرسىزدۇر» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلدى. ھەيي:

_ بۇنى تازا چۈشىنەلمىدىم، _ دېدى ئەجەبلەنگەن ھالدا ۋە ئابسالدىن بۇنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئابسال سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

_ ئىسلام ئەقىلنى شەرت قىلىدى، ئەقىل بولمىسا مەسئۇلىيەتمۇ بولمايدۇ. پەقەت ئەقىل ئىگىسىلا ھەقنى ۋە ئۇنىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى تولۇق ئورۇندىيالايدۇ. بىراق، نوقۇل ئەقىل بىلەن دىنىي ھەقىقەتلەرنىڭ سىرىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئەقىلنىڭ قۇدرىتى چەكلىك بولغانلىقتىن، چەكسىزلىكنى، قۇدرىتى چەكسىز بولغان ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ۋە كائىناتتىكى بەزى ھېكمەتلەرنى چۈشىنىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدىغان

نۇقتىدىن يەنى پاسىلدىن باشلاپ ۋەھىي رول ئويناشقا باشلايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن ئەقىلنىڭ كەمچىلىكىنى ۋەھىي تولۇقلايدۇ.

ھەيي كەلىمە شاھادەتتىن باشلاپ ئىسلامنىڭ شەرتلىرىنى بىرمۇ بىر ئۆگىنىپ بولدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قۇرئان ئوقۇشنى، دۇئالارنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىنى، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەتىنى ۋە ھەدىسلىرىنىمۇ ئۆگەنگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنسېرى ئىلىم ئېلىشقا شۇنچە قىزىقاتتى. بىراق، ئۆزىنى بىئارام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر چۈشەنچىنى تىلغا ئېلىشتىن يالتايمىدى. ئۇلار بىر كۈنى سۆھبەت قىلىۋاتقانىدا ھەيي ئۆزىنى بىئارام قىلىپ كېلىۋاتقان سوئالنى ئابسالدىن سورىدى:

_ ئىسلامنى ئىنسانلارغا ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئەۋەتىلگەن، شۇنداقلا جەمئىيەتتە كەڭ تارقىلىشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى كېرەك بولغان دىن، دېدۇق. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن سەن مەملىكىتىڭنى تاشلاپ تەنھالىقنى ۋە ئىنسانلاردىن يىراقتا ياشاشنى تاللىۋالدىڭ؟

_ ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق. ئىسلامىيەت بىر شەخسكە ئەمەس، جەمئىيەتكە، جامائەتكە ئەۋەتىلگەن دىندۇر. يەنە كېلىپ بىز دائىم جەمئىيەتتە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىشىمىز ۋە ئۇلارغا ھەقنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. مەن ئۆزەمنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە رەببىمگە كۆپرەك دۇئا قىلىش ئۈچۈن تەنھالىقنى تاللىدىم.

_ بۇنى مەملىكىتىڭدە قىلالمامسەن؟ _ دەپ سورىدى ھەيي قىزىقسىنىپ.

_ مەملىكىتىمنىڭ پادىشاھى مېنىڭ دوستۇمدۇر. ئۇنىڭ بىلەن

دىنىي مەسىلىلەردە گېپىمىز بىر يەردىن چىقماي، ئوتتۇرىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىشىمۇ مېنىڭ يۇرتۇمنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىشىمگە سەۋەب بولغان ئىشلاردىن بىرى. ئابسال مەملىكىتىنى تاشلاپ كېتىشىنىڭ باشقا سەۋەبلىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

_ ئۇ يەرنىڭ خەلقى نەسىھەتكە قۇلاق سالمىغىلى تۇردى. مال ـ دۇنيا، ھاۋايى ـ ھەۋەس، شۆھرەت ۋە مەنسەپ ئىشقى جەمئىيەتكە يامراپ كەتتى. سەنمۇ بىلىسەن، ئىسلام دىنى مېھرى ـ مۇھەببەتنى، ھەمكارلىقنى، ياردەملىشىشنى، خەير ـ ساخاۋەت قىلىشنى، ياخشىلىقنى، دوستلۇقنى بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ، ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىنىڭ، ئۆزى ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈشىنى بۇيرۇيدۇ. لېكىن، يۇرتداشلىرىم بىر ـ بىرلىرىگە رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىشقا، ھەتتا بىر ـ بىرلىرىنى يوق قىلىشقىچە بېرىپ يەتتى.

ھەيي ئابسالنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئابسال ياشايدىغان ئارالغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىنسانلارغا توغرىنى، ھەقنى يەتكۈزۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدىن كەچكەنلەرنى ئابسالغا ئېيتتى. ئابسال:

_ سەن ھەقلىق بولۇشىڭ مۇمكىن، ـ دەپ سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

_ ئىنسانلارنىڭ دىندىن، مېھر ـ مۇھەببەت ۋە رەھىم ـ شەپقەتكە ئوخشاش گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلاردىن يىراقلىشىپ رەھىمسىزلەرچە ھەرىكەت قىلىشلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىنسانىي

قىممەت قاراشلىرىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.

ھەيىنىڭ جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ ئىنسانلارغا ھەقنى، توغرىنى يەتكۈزۈش پىكرى، ئابسالنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان ئىدى. ئابسال مەملىكىتىدىكى ئىنسانلارنى قايىل قىلىشنىڭ تەسلىكىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ھەيي قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇ يەرگە بارىدىغانلىقىنى كەسكىن بىر ئاھاڭدا ئېيتتى. ئابسال ھەيىنىڭ قەتئىي قارارغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىدىن خوشال بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان «جىمجىت ئارال»نىڭ يېنىدىن بىرەر كېمە ياكى قېيىق ئۆتۈشنى كۈتۈپ ياتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، دېڭىزدا كېمە ياكى قېيىقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ھەيي ئابسال بىلەن بىرگە تۇرۇش جەريانىدا دىنى مەلۇماتلىرى خېلىلا ئېشىپ قالغانىدى. ئۇ ئابسالنىڭ مەملىكىتىگە بارغاندا، ئۆزىنى خەلققە چۈشەندۈرەلەيدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ھەقنى يەتكۈزەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھەمدە بۇ يولدا ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىغىمۇ كامىل ئىشىنەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇست بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ ھەيىنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغىمۇ ياردەم قىلاتتى. ئارىدىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ جىمجىت ئارالغا يېقىن جايدىن بىر كېمە ئۆتتى.

ھەيي بىلەن ئابسال ئۇزۇن تاياقنىڭ ئۇچىغا قىزىل لاتا باغلاپ، كېمىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا تىرىشتى. شۇنداقتىمۇ، ئابسال يەنە ئوت يېقىپ ئىس ـ تۈتەك چىقىرىپ كېمىدىن ياردەم تەلەپ

www.uyghurkitap.com

قىلدى. كېمە ئۇلارنى پەرق قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ، كېمە ئارال تەرەپكە بۇرۇلۇپ ماڭدى. كېمە ئارالغا يېقىن جايدا توختىدى. كېمىدىن چۈشۈرۈلگەن بىر قېيىق بىلەن ئارالغا قاراپ ئىككى ئادەم كەلدى. ئۇلار ھەيي بىلەن ئابسالنى قېيىققا چىقىرىپ، كېمىگە ئاپاردى. ئابسال ھەييگە يېنىدا ئېلىپ كەلگەن زاپاس كىيىمنى كىيدۈرۈپ قويغانىدى. بۇ كىيىم ھەييگە چوڭ كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ كىيىمنىڭ ئىچىدە كۆرۈنمىگىلى تاسلا قالدى.

دېڭىز سەپىرى ئابسالغا نىسبەتەن تەبىئىي ئىش ئىدى، ئۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەنىدى. بىراق ھەيي ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئارالدىن ئايرىلغان، شۇنداقلا ئابسالدىن قالسا تۇنجى قېتىم يېڭى ئىنسانلار بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى. ھەيي كۆرگەن ھەر يېڭى نەرسىنى كۆزىتىپ باقىدىغان ئادىتىنى كېمىدىمۇ داۋاملاشتۇردى. بۇنداق چوڭ بىر نەرسىنىڭ قانداق بولۇپ بۇنچىلىك ئېغىرلىقى بىلەن دېڭىز ئۈستىدە مېڭىشى ئۇنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرغانىدى. ھەيي بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ ماكان قىلىپ كەلگەن بۇ ئارالدىن بارغانچە يىراقلىشىۋاتاتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئارال كۆزدىن بىراقلا غايىپ بولدى، ھەييىنى تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان غەلىتىلا بىر تۇيغۇ چىرمىۋالغانىدى.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، دېڭىزنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك دولقۇنلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ھەييىنىڭ ئارالدىكى گۈزەل كۈنلىرى ئېسىگە كەلدى، ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياشلار سىرغىپ چۈشتى.

# ئابسالنىڭ يۇرتى

ھەيي بىلەن ئابسال بىر كۆنلۆك سەپەردىن كېيىن ئاخىرى ئابسالنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كېلىشتى. ھەيي تۇنجى قېتىم سەپەر قىلغاچقا سەپەر ھاياجىنى ۋە مۇشكۆلاتىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ بولالمىغانىدى. كېمىدىكى چېغىدا كۆڭلى ئېلىشىپ، بىر ھازا بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ قالغانىدى. كېمىدىكى ئىككى خادىم ھەيي بىلەن ئابسالنى قېيىققا سېلىپ قىرغاققىچە ئاپىرىپ قويدى. بۇ يەر شەھەر مەركىزىگە يىراق بولغاچقا خېلى مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار گۇگۇم ۋاقتىدا ئاران شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كېلىشتى.

ئابسال بۇنداق كەچ ۋاقىتدا يېقىن دوستىنىڭلا ئۆيىگە بارسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قەدىناس دوستى ياقۇپنى ئېسىگە ئالدى. ياقۇپ 50 ـ 55 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، تىجارەت قىلاتتى. ئابسالنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى سۆيۈنگەن ياقۇپ، ئابسالنىڭ يېنىدىكى يوچۇن ئادەمنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.

ئابسالنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى بىردەمدىلا شەھەرگە تارقالدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابسالنىڭ دوستلىرى ئۇزۇن يىل كۆرمىگەن دوستى ئابسال بىلەن دىيدارلىشىش ئۈچۈن قېشىغا يۈگرەپ دېگۈدەك كېلىشتى. ئۇلار ئابسال بىلەن دىيدارلىشىپ بولغاندىن كېيىن، قىزىقسىنىپ سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئاساسەن دېگۈدەك بىرلا سوئالغا مەركەزلەشكەنىدى.

ـ يېنىڭدىكى دوستۇڭ كىم؟...

ئابسال دوستى ھەييىنى دوستلىرىغا تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەييىنىڭ قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ھېكايىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى. ئۇلار ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندى، ئۇلار ھەييىگە بىردەم ـ بىردەم قاراپ قوياتتى. ھەيي ئۇلارنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆزىگە قىزىقسىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئەمما چاندۇرمايتتى. قانداقتۇر، ئۇلار ھەييدىن ئۆزگىچىلىك ئىزدەشكە تىرىشىۋاتاتتى. بۇنچىلىك ئۇزۇن يىل يالغۇز بىر ئارالدا ياشىغان، ھەتتا ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بىرلىكتە تۇرغان بىرى، قانداق بولۇپ بۇ مەدەنىي ھالەتكە كەلگەندۇ؟ ھەييىنى بۇنچىلىك تەمكىن قىلغان ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن چىقىشالايدىغان ھالغا كەلتۈرگەن سىر، ئەلۋەتتە ئابسال ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن دىنىي ئىلىملەر ئىدى. ئۇ مۆئمىن بىر كىشىنىڭ باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەكلىكىگە ئىشىنەتتى. ئابسال بىر قېتىم بىر ھەدىسنى چۈشەندۈرۈپ، مۇسۇلمانىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدىن، تىلىدىن ۋە ھەرىكىتىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولىدىغان كىشى بولۇشى كېرەكلىكىنى دېگەنىدى.

ئابسال ئارالنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان كونا دوستى سالامانىنى يوقلىغاندا، ھەييىنىڭ ھېكايىسىنىمۇ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. سالامان ھەييگە ھەر خىل نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ، مەملىكىتىگە كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خوشال بولغانلىقىنى ئېيتتى.

دەسلەپكى كۈنلەردە، ھەيي ئابسالنىڭ دوستلىرى ۋە ئارال بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئارال خەلقى بىلەن تونۇشسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۇرۇستلۇق، مېھىر ـ شەپقەت، سېخىيلىق،

پىداكارلىقتا ئوخشاش ئەخلاقىي مەسىلىلەر ھەققىدە باشقىلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. ئابسال ھەيىنىڭ خەلقىنى ھەق يولغا چاقىرىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. بىراق، ئابسال ئارال خەلقىنىڭ بۇ خىلدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئارالدىكى ئىنسانلار ھورۇن ۋە بىغەرەز بولۇپ كەتكەنىدى. بەھۇدە ۋە مەنىسىز ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ، ئۆمرىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان ياشلار، بۇ خىلدىكى مەسىلىلەرگە قىلچىمۇ قىزىقمايتتى. ھەيي بولسا ئىشلەشنىڭ، ئەمگەك قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى، ھالال كىرىمنىڭ قىممىتىنى، تىرىشچانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئورنىنى زېرىكمەي ـ تىرىكمەي ياشلارغا چۈشەندۈرەتتى. يالغانچى، ساختىپەز، مال ـ دۇنيا يىغىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىپ ئەتراپىدىكى نامرات ئىنسانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولمايدىغانلار شۇنچىلىك ئاۋۇپ كەتكەن ئىدىكى، ھەيىنىڭ بۇ گۈزەل نەسىھەتلىرىگە ئارزاقمۇ قۇلاق سېلىپ قويمايتتى. ھەتتا قۇلاقلىرىغا پاختا تىقىۋالاتتى.

ھەيي ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەچكە، ئارال خەلقىنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن قىلچىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن، زېرىكمەي ـ تىرىكمەي بىلىدىغانلىرىنى ئىنسانلارغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، نەسىھەت قىلىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئىش ئورۇنلىرىغا، ئاۋام توپلىشىقان يەرلەرگە بېرىپ تەبلىغ قىلاتتى. چاي ۋە قەھۋە سۆھبەتلىرىدىمۇ تەبلىغ قىلىشقا سەل قارىمايتتى. خەلقنىڭ بىر قىسمى ھەيىنىڭ سۆزى،

تۇرقى ۋە قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلىرىگە قىزىقىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ھەيي دۇنيا ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشسا ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك تىرىشىش ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تىرىشىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى.

مۇھىمى ئىنسان باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە نىجادلىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىدىغان، توغرا يولغا نېسىپ قىلىدىغان ئەلۋەتتە ئاللاھتۇر. تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، غەيرەت قىلىش، باشقىلار ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىش قانچىلىك مۇھىم بولسا، نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى كۈتۈشمۇ شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. دەرۋەقە، ھەيينىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى بەزى كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ سەممىي كىشىلەر ھەددىدىن زىيادە مال - دۇنيا يىغىشنىڭ ۋە دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىشنىڭ ئىبادەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە شۈكۈر قىلىپ ئۇنىڭغا يۈزلىنىشكە توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشكە باشلىغان ئىدى.

ئابسال دوستى ھەيينىڭ ھەق يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل ئىدى. ھەيي ئىنسانلارنىڭ پەرۋاسىزلىقىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەندە، ئابسال ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، قەتئىي بوشاشماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتى.

_ ئى قىممەتلىك قېرىندىشىم! ئۈممىتىگە ئىلاھىي ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىپ، يىللارچە ھارماي - تالماي كۈرەش قىلغان نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر

كەلدى، بىراق، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولغان. ھەتتا بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگەشمەي كۇپۇرلۇقتا چىڭ تۇرغان ئىدى. چۈنكى لۇتفى، كەرەم ۋە ئېھسان ئىگىسى پەقەتلا ئاللاھتۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئۇ خالىغان كىشىگە رەھمەت ۋە نېمەت ئاتا قىلىدۇ. بەندە بۇ دۇنيادىكى غەيرىتى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ ۋە لايىق رەۋىشتە مۇكاپاتلىنىدۇ. سەن ھەرگىز قايغۇرمىغىن.

سەن ئۇچراتقان ۋە كۆرگەن ھەر بىر كىشى ئوخشىمىغان خاراكتېر ۋە مىجەز - خۇلۇقتا ئىگە. ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ياراتقان. بۇ سەۋەبلىك ھەر بىر ئىنساننىڭ ھەقنى چۈشىنىشى، ئىشىنىشى ۋە ياششى ئۇنىڭ قابىلىيىتى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىغا كۆرە بولىدۇ. خەلق ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى ياخشىلىقنى بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتۇر. بىز ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل تەرەپلىرىنى خەلققە ئوبدان چۈشەندۈرەيلى.

ئابسال ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپ قىلغانىدى. دىمىسىمۇ دەسلەپ ئىسلامنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىملىرىنى خەلققە چۈشەندۈرۈش كېرەك ئىدى. ئىنسانلارنى بۇ جەھەتتە مەلۇماتلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن روھىي دۇنياسىنى بېيىتىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن سىرتقى دۇنياسىنىڭ مۇۋازىنىتى پەقەت مۇشۇ خىل يول بىلەنلا ھاسىل بولاتتى. ئىنساننىڭ سىرتقى دۇنياسىنىڭ پاكلىقى روھىي دۇنياسىدا، روھىي دۇنياسىنىڭ يورۇقلۇقى سىرتقى دۇنياسىدا ئەكس ئەتكەندە، ئىنسان ھەقىقىي سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بولاتتى.

# ھەيىنىڭ چوڭ بولغان ئارىلغا قايتىپ كېتىشى

ھەيي يەنە بىر مەزگىل ئابسالنىڭ يۇرتىدا قېلىپ ئىنسانلارغا دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى يەتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇردى. نامازنى توغرا ئوقۇشنى، روزىنىڭ پەزىلىتىنى، زاكاتنىڭ مال - دۇنيانى بەرىكەتلەندۈرىدىغانلىقىنى، ھەج قىلىشنى ۋە كەلىمە شائادەتنى ئارال خەلقىگە ئەتراپلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دىنىي مەلۇماتلىرىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئېتىقادىي مەسىلىلەردە توغرا يېتەكلەشكە كۈچىدى.

بىر كۈنى ئابسال بىلەن ھەيي ئوتتۇرىسىدا مۇنداق گەپ - سۆزلەر بولدى. ئابسال گەپ باشلاپ:

_ ئىنسانلارغا دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى يەتكۈزگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ - دېدى. ھەيي:

_ ئالدى بىلەن ئىنسانلارغا بىر نەرسىنى ئوبدان چۈشەنگۈچە ئۆگىتىمەن. دەرۋەقە، ئىنسان بىلمىگەن نەرسىسىنىڭ دۈشمىنىدۇر. يامانلىق ۋە رەزىللىكنىڭ مەنبەسى نادانلىق، جاھالەتتۇر، - دېدى ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا. ئابسال:

_ مەنچە نادانلىق قانداق رەزىل نەرسە بولسا، چېچىلاڭغۇلۇقمۇ شۇنداق رەزىل نەرسىدۇر. سەن ئەتراپقا بىر قاراپ باققىن، سەن پىكىرى بىر يەردىن چىقىدىغان ئىككى كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ مەن كۆرمىدىم. شۇڭلاشقا، ئىنسانلارنى ئوخشاش بىر پىكىر ۋە ئىدىيە ئەتراپىغا يىغىش ۋە ئورتاق نۇقتىدا ئۇچراشتۇرۇش كېرەك، - دېدى.

ھەيـي گـەپ باشـلاپ:

_ جېـدەل ـ ماجـرا ۋە زوراۋانلـىق مېھرسـىزلىك ۋە رەھىمسـىزلىكتىن كېلىـپ چىقىـدۇ. ئىنسـانلارغا بىـر ـ بىرلىرىنـى سۆيۈشـنى ئۆگىتىشـىمىز لازىـم، ـ دېـدى. ئابسـال:

_ ئەسـلىدە جېـدەل قىلىشـنىڭ ھېـچ ئورنـى يـوق. ھامـان بىـر كۈنـى ھـەر نەرسـىنى كەينىمـىزدە قالـدۇرۇپ ئـۇ دۇنياغـا كېتىدىغـان تۇرسـاق، بىزگـە تەئەللـۇق بولمىغـان نەرسـىنىڭ جېدىلىنـى نېمـە ئۈچۈن قىلىمىز... ـ دېـدى. ھەيـي بۇنىڭغـا جاۋابـەن:

_ ئىنسـانلار مـال ـ دۇنياغـا ھەددىدىـن زىيـادە بېرىلىـپ كېتىپتـۇ. بـۇ خـۇددى مەنمـۇ بىـر چاغـلاردا پۈتكـۈل دۇنيانـى ئـۆزەم ياشـىغان ئـارال، دەپ ئويـلاپ قالغىنىمغـا ئوخشـايدۇ... ئىنسـانلار خۇددى باشـقا بىـر ئالەمنىـڭ بارلىقىنـى ئۇنتـۇپ قالغانـدەكلا ھەرىكـەت قىلىدىكەن، ـ دېـدى. ئابسـال بۇنىڭغـا قارىتـا:

_ ئۆز ئارا ياردەملىشـىش ۋە ئورتاقلىششـىنىڭ خوشـاللىقىنى ئىنسانلارغا يېتەرلـىك دەرىجـىدە چۈشـەندۈرەلمەيۋاتىمىز. شەخسـىيەتچىلىك يامـراپ كېتىپتـۇ. ھەممـە كىشـى ئۆزىنىـڭ غېمىدىلا بولـۇپ كېتىپتـۇ، ـ دېدى. ھەيي:

_ بىـر چاغـلاردا ئەتراپىمىدىكـى ھايۋانـلار ئوزۇقلـۇق تالىشـىپ بىـر ـ بىـرى بىلـەن سوقۇشـاتتى. بىـراق، بـۇ ئـىش ئىنسـانلارغا پەقەتـلا ياراشـمايدۇ ئەمەسـمۇ، ـ دېـدى ئۆكۈنگـەن ھالـدا. ئابسـال:

_ باشـقىلار ئۈچـۈن ياشـاش ۋە ھاياتىنـى باشـقىلارنىڭ خوشـاللىقى ئۈچـۈن ئاتىۋېتـىش نېمـە دېگـەن ئېسـىل پەزىلـەت، ـ ھە! ھەيـي بۇرۇن

ھەمىشە ئەقىل توغرىسىدا گەپ قىلاتتىڭ. ئەسلىدە مەن ئەقىلنىڭ ئەھمىيىتىنى سەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن چۈشىنىپ يەتتىم. ئەقىل بىر پارچە گۆش پارچىسى ئەمەس. ئۇ بىر خىل چۈشىنىش ۋە ئىدراك مەركىزىدۇر. قۇرئان كەرىم ئىزچىل بىزنى ئەقىل ئىشلىتىشكە ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بىراق، نوقۇل ئەقىل بىلەنلا ئىش ھەل بولۇپ كەتمەيدىكەن. ئارال خەلقىنى دۆت دېيەلمەيمىز، ئۇلار تەپەككۇر قىلالايدىغان ۋە ئەقلى بولغان ئاڭلىق مەخلۇقلاردۇر. ئۇلار سودىلىرىنى جايىدا قىلىپ، ھېساب - كىتابلىرىنى ئۆز مەنپەئىتىگە ئاساسەن توغرىلاپ ماڭالايدىغان ئەقىللىق كىشىلەردۇر. ئەمما نېمە ئۈچۈن بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ نەيرەڭۋاز مەنپەئەتلىرىنىڭ ئەبەدىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك كۆپ ھېساب - كىتابلار بىلەن بەند بولغان ئىنسانلار، ئۇ دۇنيانىڭ ھېسابىنى قىلالمايدۇ؟ - دېدى ئەجەبلىنىپ. ھەيي:

- دېمەككى، نوقۇل ئەقىللا كۇپايە قىلمايدۇ، ۋەھيىنىڭ قۇدرىتى ۋە چىن ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىش ئەقىل بىلەن بىر سەپتە بولۇشى كېرەك، دېيىش ئارقىلىق ئابسالنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىدى. ئابسال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- ئاللاھ بىزگە ئەۋەتكەن كىتابلار ۋە ئۇلارنى بىزگە يەتكۈزۈپ تەپسىلىي ئىزاھلاپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلەر بولمىغان بولسا ئىدى، ئەقىل بىلەن كۆپ نەرسە ئۆگىنىپ بولالمايتتۇق.

كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ھەيي بىلەن ئابسالمۇ ياشىنىپ قالغانىدى. ھەيي ياشلىق دەۋرى ئۆتكەن ئارالنى سېغىنغانىدى. ئۇ بۇ يۇرتقا كېلىپ خەلققە ئارىلىشىپ ياشىغانلىقىدىن

www.uyghurkitap.com

شۇنداق خوشال ئىدى. بىراق، قالغان ئۆمرىنى جىمجىت ۋە تەنھا يەردە ئۆتكۈزگۈسى بار ئىدى. بىر كۈنى خىيالدىن كەچكەننى ئابسالغا ئېيتتى. ئابسال ھەيىنى توغرا چۈشىنەتتى. ھەيي ئابسالغا مۇنداق دېدى:

ـ مېنى بۇ يەردە تۇتۇپ تۇرىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى، بۇ يەرگە كېلىپ نۇرغۇن دوست ـ بۇرادەرلىرىمىز بولدى. مەن ھازىر خىلۋەت ۋە جىمجىت بىر يەرگە بېرىپ، تەنھا ئىبادەت بىلەنلا بەند بولۇشنى ئويلايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدىنىم، كۈچ ـ قۇۋۋىتىم باشقا ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ھەيي بىلەن ئابسال زۇمرەت ئارىلىدا تونۇشقان دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئۇلارنى يوقلىغىلى باردى. ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىلىرى بويىچە ئىش قىلىشنى جېكىلىدى. ئۇلارغا ئاللاھقا دائىم دۇئا قىلىشنى، ماڭغاندا، ياتقاندا ۋە قوپقاندا ئىزچىل ئاللاھنى زىكىر قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى.

ئىككەيلەن يېنىغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىلا ئېلىپ دېڭىز بويىغا كەلدى، ئۇلار بىر كېمە بىلەن زۇمرەت ئارىلىدىن ئايرىلدى. ھەيي بىلەن ئابسال جىمجىت ئارالدا دۇنيالىق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، زۆرۈر تېپىلمىسا گەپ قىلماسلىق، ئېھتىياجتىن كۆپ بىر نەرسە يېمەسلىك ۋە ئاز ئۇخلاپ ئاللاھقا كۆپ ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى ھاياتقا قەدەم باسقان ئىدى.